1993.6

# ئىلى دەرياسى



## 5 . نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنى، تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى پائالىيەتلىرىدىن



يولداش ئىسمايىل ئەھمەد مۇ-
ھىم سۆز قىلدى



يىغىنغا قاتناشقان بىر قىسىم ئالىم ۋە
يازغۇچىلار تيەنئەنمېن مەيدانىدا




يەرلىك ژۇرناللارنىڭ مەسئۇللىرى
بىلەن بىر قىسىم ئاپتورلار
سەددىچىندە

# ئىلى دەرياسى

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

1993 - يىل 6 - سان

(15 - يىل نەشرى، ئومۇمىي 76 - سان)



## بۇ ساندا


سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش يەبىدا يېڭى نەتىجە يارىتايلى ..............زاقان ئۈمار 4

شېئىرلار ..............................................ئابدۇساتتار ناسىرى 11

رۇبائى ۋە پارچىلار .........................................تۇردى سوپى ي 13

ئۈنلىمەكتە روھىمدا بىر قۇش ......................(شېئىر)..........ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم 13

شېئىر تىلەپ كېلەر چۈمۈلەك ......................(شېئىر)..........ئەكرەم ئابدۇمىجىت14

ۋىسالسىز سۆيگۈ ............................(ھېكايە).......... زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت 15

ئامەت ......................................(ھېكايە)..........ئابدۇرېشىت مىجىت 20

شېئىرلار ..............................................پەرھات جامال 26

روھىمغا ئېسىقلىق كۈمۈش قوڭغىراق ...................(شېئىر) ..........سەردار مەسۇم 28

كۆز ......................................(پوۋېست) ..........غەيرەت ئاسىم 30

ناغرا ۋە ئاتام ..............................(ھېكايە).......... ئەخمەتجان مۇتەللىپ 56

كېلەچەك ئىشقى ..............................(شېئىر) ..........نۇرمەھەممەت سايىم 61

غەزەللەر ..............................................ياسىنجان ئىبرايىم 61

ئىككى شېئىر ..............................................مۇسا ئەھەد 62

ئىككى شېئىر ..............................................تۆلەدىن ئەزىم 63

قالارسەن بىر كۈنى سەنمۇ ئۆزگىرىپ ...................(شېئىر).......... خۇدابەردى روزى 64

قۇچاقلاپ قوي ئەتىكى قۇياش ...........................(شېئىر) ..........دىلشات ئابلىز 64

ھويلىغا ......................................(شېئىر) ..........قاسىم كېرىم 64

جەڭگاھ خاتىرىلىرى ...........................(ئەسلىمە) ..........ئەخمەت تۇردىيوپ 65

نادانلىق ......................................(ھېكايە) ..........سائادەتياسىن 72

ئىككى ھېكايە ..............................................مەمتىلى ھېلىم 81

ماڭا پەقەت بۇگۈنلا يېقىن .......................(شېئىر).......... ئۆمەر مۇھەممەت 86

چىرايلىق تەقدىر ..............................(شېئىر) ..........ئەكبەر ئىمام 87

شارابىڭنى ئۆكسۈتمە دىلبەر ........................(شېئىر) ..........ئەكبەر ياسىن 88

دوستۇمنىڭ شەرتى ..............................(شېئىر) ..........ئابدۇكېرىم ئەمەت 88

بويناق ......................................(ھېكايە) ..........نىجات ئەخمەت 90

خۇنخاي مازار توغرىسىدا ........................(ماقالە)..........سېيىت ئۆمەر 95



رەسسام ۋە خەتتات: نۇرۇللا ئىبرايىم، خالمۇرات قېيۇم

نىيەنۇجياۋ

# كۇئېنلۇن

(1935-يىل ١٠-ئاي)

چورە كېسىپ بوشلۇقنى، كۆكتىن ھالقىغان زور كۇئېنلۇن،
سەن كۆرۈپ ئۆتتۈڭ بۇ دۇنيانىڭ باھارىنى تولۇق.
سەن ئۇچۇپ تۇرغان گويا ئۈچ يۈز تۈمەن ئاق ئەجدىھا،
تۇردى ئالەمگە ئېتىشكەن سىڭىپ قاتتىق سوغۇق.
كىرگەندە ياز چېغى قارلىق ئېرىپ،
خۇاڭخې، چاڭجىياڭ تولغىنىپ، يامراپ تېشىپ،
گاھ بولار ئىنسان بېلىققا يەم ئۈزۈپ.
ھازىر مىڭ يىللىق گۇناھ، تۆھپەڭ سېنىڭ،
كىم قاچان باھا بېرىپ ئۆتكەن ئېدى ئۇ توغرىلىق؟
سۆز قىلاي بۈگۈن ساڭا مەن، ھەي كۇئېنلۇن، سال قۇلاق:
تۇرما مۇنچە غادىيىپ ئاسمان بىلەن،
تۇرما مۇنچە بىھېساب قارغا تولۇپ.
قاي تېرىقسا كۆكتە تىرەپ مەن زۇلپىقارىمنى ئېلىپ،
تاشلىغايمەن پارچىلاپ سېنى تىلىپ ئۈچكە بۆلۈپ؟
بىرىنى تۇتسام ئۆزۈنلۈك ياۋروپاغا،
بىرىنى قويسام شەرقتە قالدۇرۇپ.
ئېرىشسە ئالەم تىنچلىق ۋە ئىللىقلىق،
بارچە ئىقلىمغا چېچىلسا تەڭ ئىسسىق-سوغۇق.

خالمۇرات قاسىمبەگ يازغان

ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

# سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولىدا يېڭى نەتىجە يارىتايلى

زاقان ئۇمار

يولداشلار، دوستلار!

بىز بۈگۈن زامانىمىزنىڭ تۆھپىكار ئوغلانى، ئىلغار مائارىپچىسى، ۋەتەنپەرۋەر، دېموكراتىك شائىر تاڭجارىق جولدى ئوغلى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى شائىرنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى، ئۆسكەن زېمىنىدا تەنتەنىلىك خاتىرىلىمەكتىمىز. بۇ تەنتەنە ئەسلى مەناسىدىن ئالغاندا، مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېسىل مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى بۈگۈنكى ئەۋلاد ئۆرنەك، ئۈلگە، تەلىم - تەربىيە ئالىدىغان بايلىققا ئايلاندۇرۇپ، كېلەچەكىرى داۋاملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تاڭجارىق تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقى — ھازىرقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭمۇ 90 يىللىقى. تاڭجارىقتا ئوخشاش بىر تۈركۈم تۆھپىكار ئەدىپلىرى بىلەن شۆھرەتلەنگەن ھازىرقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتى بۈگۈنكى كۈندە ئېتىكى كەڭ، ئاساسى مۇستەھكەم، داڭقى كۆكلەرگە پەرۋاز قىلغان سەنئەت گۈلزارىغا ئايلاندى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تاڭجارىققا ئوخشاش تالانتلىق شائىرنى تۇغۇپ، يېتىلدۈرۈپ، پەرۋاز قىلدۇرغان خەلققە، تاڭجارىققا ئوخشاش باشلامچى ئىجادكارلارغا ئىگە ھازىرقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنى ۋە سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرگەن ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا، ئۇلارنى كۆيۈمچانلىق بىلەن تەربىيىلەپ، مەھسۇلاتلىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان پارتىيە، جەمئىيەت ئەرباپلىرىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. خەلقىمىزنىڭ تۆھپىكار ئوغلانى، سۆيۈملۈك شائىر تاڭجارىقنىڭ روھى ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىمەن!

شائىر بولماق، بولۇپمۇ خەلقنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ساقلىنىدىغان شائىر بولماق ئوڭاي ئەمەس. ئۇنداق بەختلىك تارىخ قول بىلەن سانىۋالغىدەكلا شائىرلارغا نېسىپ بولىدۇ. مۇنداق شائىرلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ پاراسەت چوققىسىدا پەرۋاز قىلىشى، ۋەتىنى ۋە تۇغقان خەلقنى چىن تۈركىدىن سۆيۈپ، پۈتۈن ھاياتىنى، پۈتكۈل يۈرەك ھارارىتىنى شۇنىڭغا بېغىشلىيالىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ يولدا چېكىدىغان جاپامۇ ئاز ئەمەس. مانا شۇ مۇشەققەت ۋە سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ھەقىقەت يولىدا تەۋرەنمەستىن خەلقنىڭ ئۆمۈر تارىخىنى، شاتلىق ۋە قايغۇلىرىنى چىنلىق بىلەن كۈيلىيەلەيدىغان ئادەمگىلا كېلەچەك، ئەۋلاد ئالقىشى ياڭرىتىدۇ، نامى دىللاردا مەڭگۈ ياشايدۇ.

تاڭجارىق — دەل شۇنداق كېلەچەك، ئەۋلاد بىلەن يۈرىكى تۇتاشقان شائىر، تارىخ پېشانىسىگە سۆيگەن ئەل ئوغلانى. ئۇنىڭ نامى بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىمىزدا مەڭگۈ گۈلدەك ياشناپ، جۇلالىنىدۇ. تۇغقان خەلقى ۋە قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا مەڭگۈ ھۆرمەتكە بۆلۈنۈپ ياشايدۇ.

تاگجارىق — ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا 44 يىللىق ھاياتىدا جۇڭگو قازاق ئەدەبىيات - سەنئىتىگە سەمەرىلىك ھەسسە قوشۇپ، ئۆزىگە - ئۆزى ئالتۇن ھەيكەل ئورناتقان كېڭانت تالانت. ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۇلۇغ بولغان خەلقلا ئۇلۇغ بولالايدۇ. تاگجارىقنىڭ ئۇلۇغلىقمۇ، ئۇنى تۇغقان خەلقنىڭ ئۇلۇغلىقمۇ دەل شۇيەردە .

جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى ئۇزاق سەپەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆز تارىخىغا مىڭلىغان يىللارنى ساناق قىلغان بىر نامايەندە. ئۇ ئۆزىنىڭ «قەدىمىي ئەدەبىياتى»، «يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى»، «ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» بولۇپ، قاتلامۇ قاتلام ئۆلىنىدىغان كەڭ، تېرەن خۇسۇسىيەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت غەزىنىسىگە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزۈلمەس كاتتا دەرياسىغا سۇزۇك، ئۇخچىغان تاغ بۇلىقى بولۇپ قوشۇلدى.

ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك ماكانىمىز غەربىي دىياردا يارىتىلىپ، گۈللەپ - ياشاۋاتقان «ئۇزاق غەربىي دىيار مەدەنىيىتى»، «ساكلار مەدەنىيىتى»، «ئۇيسۇنلار مەدەنىيىتى»، قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ياراتقان «تۈركى خەلقلەر مەدەنىيىتى»، قەدىمىي يىپەك يولى مەدەنىيىتى بىلەن كىندىكداش «يايلاق يىپەك يولى مەدەنىيىتى» ياكى بولمىسا «شەھەر مەدەنىيىتى»، 18 - ئەسىردىكى ئاقتابان سورۇقچىلىقى مەزگىلىدە دۇنياغا كەلگەن قەھرىمانلىق ئېپۇسلىرى، مۇھەببەت داستانلىرى، ئارخېتكتۇرا ۋە ئادەم ئەقلى - پاراسىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مۆجىزىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان تاش پۈتۈكلەر، تاغ - غار سىزمىلىرى، ئۇيسۇن ئوردىلىرىنىڭ خارابىلىرى، بىپايان تاغ - دالاغا گۆھەردەك چېچىلىپ كەتكەن ئۇيسۇن قەبرىلىرى، قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بولغان مەدەنىي ئالاقىلەرنىڭ لەۋھە ئابىدىلىرى، شى جۈن، جى يۈمەلىكلەر ئېلىپ كەلگەن خەن سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ يايلاق مەدەنىيىتىگە بولغان تارىخىي تۈرتكىسىنى دەلىللەيدىغان قەدىمىي شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئىز - تامغىلىرى، شەجەرىلەر، تارىخىي يازما ئۇچۇرلار، تىببىي ئىلىم بايانلىرى، فىلوسوفىيە، ئاسترونومىيە، تىل ئىلمىگە ئائىت لۇغەتلەر، ئەڭ قەدىمىي رونىك يېزىقىدىن باشلىنىپ ئەسىرلەر ئاتلاپ تاكى بۈگۈنگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلگەن يېزىقلىرىمىز بىزنىڭ جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ يىلتىزىنىڭ چوڭقۇر، دائىرىسىنىڭ دالاسىدەك كەڭ، شۆھرىتىنىڭ قامەتلىك تاغلىرىدەك يۈكسەك ئىكەنلىكىنىڭ جانلىق شاھىدى.

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا توختىلىپ «بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئىدىيىۋى، مەدەنىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بارلىق ئېسىل ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، جانلىق ۋە مول سوتسىيالىستىك ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىنسانىيەتنىڭ روھانىي مەدەنىيىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك. بىز ئىسلاھاتقا، ئىشكىنى ئېچىۋېتىشكە ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ، بىلىملىك، غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان يېڭى بىر ئەۋلادنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك»دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ يەردە يولداش جياڭ زېمىن ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەت ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇشتىن مەقسەت يېڭى ئەۋلاد تەربىيىلەپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇش دېگەننى كۆزدە تۇتىدۇ.

بىز تارىخىي ، مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى تەتقىق قىلىپ، تولۇق ۋايىغا يەتكۈزدۇق دەپ ئېيتالمايمىز. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەپ ئىدىيىنىڭ ئازاد بولماسلىقى، تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئېتىۋار بېرىشنىڭ سىجىلسىزلىقىدا. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىمىز بار. ئەمدى قول قوشتۇرۇپ قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ. بارلىق مۇمكىنچىلىكلەردىن پايدىلىنىپ، بۇ خىزمەتكە كىرىشىشىمىز لازىم. بۇ تارىخنىڭ بىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپىسى. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز كېرەك. شۇڭلاشقا مەن مىللىتىمىزنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنى، يېقىنقى زامان مەدەنىيىتىنى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى يىغىش، تەتقىق قىلىش، ئىزىغا چۈشۈرۈش، يورۇتۇش، يۈكسەلدۈرۈش

بۇگۈنكى كۈندىكى بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ، پۈتكۈل زىيالىلارنىڭ، خەلقنىڭ ۋەزىپىسى دەپ ھېسابلايمەن. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمىز بۇ خىزمەتكە ئىجابىي يېتەكچىلىك قىلىشى، ئۇنى ئۆز خىزمىتىنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى لازىم دەپ ھېسابلايمەن.

«تاڭجارىق — ھازىرقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ شۆھرىتىنى يۈكسەكلىككە پەرۋاز قىلدۇرغان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ غوللۇق ۋەكىلى. بۇنداق بۈيۈك مۇنارىنى شائىر ئۆزى تىكلىدى. خەلقى ئۇنى ئەزىزلەپ، كۆكرىكىگە گۈل قىلىپ تاقاپ، ئەۋلادىغا ئۆرنەك قىلىپ تاللىدى. تاڭجارىق ئەتقىقانى 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قازاق ئەدەبىياتىدىكى رېئالىزم، تەنقىدىي رېئالىزم، رومانتىزم ئەنئەنىسىنىڭ قانداق ئوموملاشقانلىقىنى ئەتقىق قىلىشتا، ئۇنىڭدىكى ئىنقىلابىي مەزمۇننىڭ قانداق يېتەكچىلىك رولىنى ئۆتىگەنلىكىنى چۈشىنىشتە ۋەكىللىك رول ئۆتەيدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ ئورازالىباي ئىگەۋباي ئۆزىنىڭ تاڭجارىق ئەسەرلىرىنىڭ ئىككى توملۇق نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدە. بۇ — بۈگۈنكى كۈندە تاڭجارىقنى نېمە ئۈچۈن خاتىرىلەۋاتقانلىقىمىزنىڭ توپ مەقسىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ياخشى پىكىر. بۇ يەردە «ھازىرقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ شۆھرىتىنى يۈكسەكلىككە پەرۋاز قىلدۇرغان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ غوللۇق ۋەكىلى» دېگەن سۆز ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدۇ. يالغۇز ياغاچ ئورمان بولالمايدۇ. تاڭجارىق ئەتقىقاتى بىلەن بىرگە ئاقىت، جۈسىپبەكقوجا، ئەرىپجان، ئەسەت، ئارغىنبەك، ئاسقار بەيسەنبى، ئاشىم قاتارلىق نامايەندىلەرنىمۇ ئەتقىق قىلىش، توپلاش، رەتلەش، نەشرگە بېرىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم دېگىم كېلىدۇ. شۇ چاغدىلا تاڭجارىقنىڭ شۆھرىتى تېخىمۇ يۈكسەكلىنىپ، سىپى ئۇلغىيىپ، قىممىتى ئارتىدۇ.

تاڭجارىقنى خاتىرىلەش شائىرنى شۇ دەۋردىن، شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىدىن، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئەۋلاد ئەجرىكارلىرىدىن ئايرىپ تاشلاش ئەمەس، تاڭجارىقنى بۆلەكتىن ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، يېگىباشتىن تولۇق تونۇش، ئۇنى بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كاتتا سەھنىسىدە نامايەن قىلىش، ئۇنىڭ زامانىلىق، جەمئىيەتلىك، ئەدەبىياتلىق، ئامماۋىلىق، ئىنسانىيلىق، ئىنتىلىشچانلىق، ئىسيانكارلىق... ۋە باشقا جامەتلەردىكى ئەمگەكلىرىنى ئەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مول مەھسۇلاتلىق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتكەن تارىخىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنى ئۇلگە قىلىپ، بۈگۈنگە تۇتاشتۇرۇپ، جەڭگىۋار ھاياتىمىزنىڭ بۈگۈنى بىلەن ئۈمىتلىك كېلەچىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن باشلاپ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ ئويغىنىش دەۋرى باشلاندى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ ئويغىنىش پەقەت مول ماددى مەدەنىيەت يارىتىپلا قالماستىن، يۇقىرى سەۋىيىگە قول يەتكۈزگەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ يارىتالايدۇ. مۇشۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات بىلەن پەن - تېخنىكىنىڭ ئاساسىي رېتىمىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تۈرلەندۈرۈش نۆۋەتتە جەزمەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەزرىيىۋى مەسلە. مەزكۇر مەسىلىنى توغرا تونۇغاندىلا پارتىيىنىڭ ئەدەبىيەت - سەنئەت توغرىسىدىكى يولىيورۇق، سىياسەتلىرىنى ياخشى ئىگىلىگىلى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ ئوكۇشلۇق گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسىي رېتىمى دېگەن نېمە؟ مېنىڭچە، سوتسىيالىستىك دەۋرنىڭ روھىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئاساسىي رېتىمنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەيلى تارىخىي تېمىدا يېزىلىپ، تارىخىي قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرى ئارقىلىق خەلققە ئىنقىلابىي تەربىيە بېرىدىغان ئەسەرلەر بولسۇن، مەيلى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بىلەن ئىسلاھاتنىڭ رېئال تېمىسىدا يېزىلىپ، چوڭقۇر ۋەتەنپەرلىككە، جەڭگىۋار سوتسىيالىستىك روھقا ئىگە رېئال قەھرىمانلار تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەر بولسۇن ياكى

بولمىسا سوتسىيالىستىك مەۋقەدە تۇرۇپ، خەلقنىڭ مول مەزمۇنلۇق، خىلمۇ - خىل، رەڭدار تۇرمۇشىنى كۆركەم ئوبرازلاشتۇرۇپ، تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ئەگرى - توقايلىقلارنى، تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىكى خاتالىق، كەمچىلىكلىرىمىزنى قىلنى قىرىققا يارىدىغان چىنلىق تۇيغۇسى بىلەن ئاشكارىلاش ئارقىلىق ئادەملەرگە تەلىم - تەربىيە بېرىدىغان، ئويى سالىدىغان، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئۆز ئىستىقبالىغا جاۋابكارلىق پوزىتسىيە بىلەن نەزەر سېلىشىغا قولقانات بولالايدىغان ئەسەرلەرنىڭ بارلىقى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسىي رېتىمى دېگەن بۇ چوڭ ئۆلچەمگە ئويغۇنلىشالايدۇ. مۇشۇ مەنادىن ئالغاندا، ئاساسىي رېتىم كۆلىمى تارئۇقۇمۇ، كولىمى چەك - چېگراسىز ئۇقۇممۇ ئەمەس، ئۇ ئەسەرنىڭ باش تېمىسى بىلەن، پېرسوناژلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

يولداش جاڭ زېمىن «ئېلىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىسلاھاتتىكى رېئال مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، پاك، مەدەنىيەتلىك، ئالغا ئىنتىلىش روھىغا باي، كەڭ خەلق ئاممىسى ياقتۇرۇپ ئاڭلاپ، قىزىقىپ كۆرىدىغان ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىشقا تىرىشىش لازىم. بۇ ئەسەرلەردە سوتسىيالىستىك دەۋر روھى ئاساسىي رېتىم بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئاساسىي رېتىملىق ئەسەرنىڭ ھەممىسىلا ئاكتۇئال تېمىدىكى ئەسەر بولۇۋېرىشى ناتايىن. كىچىككىنە نەرسىدىن چوڭ ھەقىقەتنى تونۇتۇش، تامچىدىن دېڭىزنى كۆرسىتىش — سەنئەتنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ - خىل بولۇشى — خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شوئارى بىلەن «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە بەس - بەستە سايرىسۇن» دېگەن پرىنسىپنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ ھەمدە چوڭقۇر، شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ - خىل، مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك، ئىستېتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە باي، ئۇمىدۋار بولۇشى لازىم. دېمەك، ئاساسىي رېتىم سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئۆلچەم - پرىنسىپلىرىنىڭ ھۇل تېشى.

ھازىرقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتى مۇشۇنداق ئاساسىي رېتىمى باي، چوڭقۇر، شەكلى خىلمۇ - خىل، مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك، جانلىق، رەڭدار بولۇشتەك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسىي قائىدىسىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتى قاتارىدىن ئۆزىگە خاس ئورۇن ئېلىپ، مول مېۋە بەرمەكتە. پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بېرى ئۆزىنىڭ رومان ژانىرىنى يورۇققا چىقارغانلىقى بۇنىڭ روشەن دەلىلى. ئۇنداق بولۇشى، رومان ژانىرى بىر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ بىزنى خۇشاللاندۇرىدىغىنى، رومانچىلىق جەھەتتە كېيىنكى ۋاقىتلاردا تارىخىي تېمىلارغا يۈرەكلىك بىلەن تۇتۇش قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنقىلابىي روھنى ئاساسىي رېتىم قىلغان يۇقىرى سۈپەتلىك «سەردار»، «مۇرەككەپ دۇنيا»، «بۆكە باتۇر»، «زوقا باتۇر» قاتارلىق تارىخىي رومانلارنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلغىنىمىز بولسا، مىللىي ئەدەبىيات تارىخىنى، مىللەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش ساھەسىدە ھەم سەمەرىلىك ئەمگەك قىلىپ، «قازاقنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قازاق خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى» قاتارلىق يىرىك ئىلمىي تەتقىقات كىتابلىرىنى نەشر قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالىغىنىمىز بولدى.

دېمەك مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ھازىرغىچىلىك بولغان 90 يىل جەريانىدا ھازىرقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىيات - سەنئىتى — پوئېزىيە، پروزا، ئەدەبىي تەتقىقات، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق، مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، رەسساملىق جەھەتلەردە مول مېۋە بېرىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت قەسرىنى ئاساسەن تىكلىدى. بۇ بىزنىڭ ئىپتىخارلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. شۇنداقلا بۇ ساھەلەردە يەنىمۇ مول مەھسۇلاتلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇش بىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز.

بىر نەچچە يىلدىن بېرى يۈز كۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئىسلاھات مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ھەم بەلگىلىك ئىلگىرىلەشلەرگە قول يەتكۈزۈلدى.

ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەدبىيات ـ سەنئەت سېپىگىمۇ يېڭى مەسىلىلەرنى، يېڭى ئەھۋاللارنى ئېلىپ كەلدى. بىز بۇلارغا قارىتا بىر نەچچە يېڭى ۋاستە، يېڭى سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئەدەبىيات ـ سەنئەت قانۇن ـ مىزانلىرىنى ئورنىتىشتا خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەشلەر بولدى، بىراق شۇنىمۇ كۆرۈپ بىلىشىمىز كېرەككى، ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇلار، بىرىنچىدىن، بۇرۇندىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئورگانلارنىڭ كېلەڭسىز بولۇپ كېتىشى، ئىشتىن ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشى، قېتىپ قالغان رەھبەرلىك ئىستىلى، داش قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش مەسىلىلىرى ھېلىمۇ ھەقىقىي ھەل قىلىنىپ كەتكىنى يوق.

ئىككىنچىدىن، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى يېڭى مەسىلىلەرمۇ مەيدانغا چىقتى. كونكرېتراق ئېيتقاندا: باشقۇرۇشنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشى، تەرتىپ ـ تۈزۈمنىڭ بوشلۇقى، قانۇنغا ھۆرمەت قىلماسلىق، تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىقى. بۇ ئىككى جەھەتتىكى مەسىلىلەر تولىراق ئوخشاش بىر سىستېمىدا، ئوخشاش بىر ئورگاندا بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللار كۆپرەك كۆزگە چېلىقىدۇ.

كۆپلىگەن يولداشلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە كۆڭۈل بۆلمەكتە. مېنىڭچە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەردى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈزۈلمىسى سۆزسىز ئالدى بىلەن باسقۇچلۇق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئىسلاھات ــ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، يازغۇچىلار بىلەن سەنئەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى، كەسپىي ساپاسىنى ئۆرلىتىشى، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى، بەدىئىي سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىشى كېرەك. يېقىندا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇنداق دەپ قايتا تەكىتلىدى: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇرغۇتۇشقا پايدىلىق بولدىمۇ ـ يوق؟ ئەسەر ئىجاد قىلىش، تالانتلىقلارنى مەيدانغا چىقىرىش ۋە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتە پايدىلىق بولدىمۇ ـ يوق؟ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ كۈنسايىن ئۆرلەۋاتقان مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالىدىمۇ ـ يوق؟ ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئالغا بېسىشقا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولدىمۇ ـ يوق؟ دېگەن مۇشۇ ئۈچ ئۆلچەم ئۇنىڭ نەتىجىلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى، غەلىبە قىلغان ياكى مەغلۇب بولغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مىزانى بولۇش كېرەك. شۇنداقلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشى، يەنە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەبىئىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىشى كېرەك». بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى توغرا ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. بىزنىڭ مەسىللىرىمىز توغرا يېتەكچى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا توغرا يېتەكچى ئىدىيىدىن تېيىپ كېتىشىمىزدىن چىقىۋاتىدۇ. بۇلار ئىسلاھات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى مەسىللەر بولسىمۇ، بىراق بىزنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز ــ سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەرنى تەربىيىلەپ، ئادەملەرنىڭ ئىستېتىكىلىق تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن سۈپەتلىك ئىدىيىۋى خاراكتېر ۋە مەدەنىي خاراكتېر يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇۋەققەيىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەڭ كەڭ دەرىجىدە ئازاد قىلىشقا ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈرۈشكە پايدىلىق بولسا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق بولسا، ئۇ ھالدا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالىغان بولىدۇ. نۆۋەتتە مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ جانلىنىشى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولماقتا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت

ھاسىلاتلىرىنىڭ ئىستېمال ساھەسىدە تاۋارلىق خاراكتېرىنى ئالغانلىقى سەۋەبلىك، بازار مېخانىزمىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىگە سىڭىپ كىرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىئولوگىيىگە مەنسۇپ بولغانلىقى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىگىلىكىنىڭ ماددى ئىگىلىكتىن پەرقلىق ۋە ئوخشىمىغان خاراكتېردا بولىدىغانلىقى سەۋەبلىك بازار مېخانىزمى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ بەلگىلىك دائىرىسىدىلا رول ئوينىيالايدۇ. بەلگىلىك دائىرىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ ھالدا، تويۇنۇپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېمەك، ماددى ئۈنۈمنىڭ نەرقى بىلەن ئۇنىڭ بازارلىق قىممىتى ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ۋاھالەنكى، مەدەنىي ئۈنۈمنىڭ نەرقى - ناۋا پرىنسىپى بازارلىق قىممەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئىككىتايىن.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شۇنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ كەلدىكى، نەرقى - ناۋا مۇناسىۋىتى پرىنسىپىنى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي تۈرمۇشىغا ئېلىپ كىرىشكە بولمايدۇ. يولداش جاڭ زېمىن يېقىندا مۇنداق كۆرسەتتى: «كوممۇنىستلار پارتىيىۋى پرىنسىپ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي يېڭى قۇرۇلۇشىنى قۇرۇشقا، ئىلگىرىلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارتىيىۋى پرىنسىپ ئارقىلىق بازار ئىگىلىكى پائالىيىتى داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان پاسسىپ پاكتورلارنى چەكلىشى كېرەك». ئۇنداق بولسا بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزمۇ سەگەكلىك بىلەن بازار ئىگىلىكى پائالىيىتى داۋامىدىكى پاسسىپ ئامىللارنى چەكلىشى كېرەك.

مەنىۋى ئىگىلىك بىلەن ماددى ئىگىلىكنىڭ پەرقلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، تاۋار ئالماشتۇرۇش، بازار رىقابىتى پرىنسىپلىرىنى ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىگە قىلچە ئۆزگەرتمەي كۆچۈرۈپ كېلىپ قوللىنىش — بۇگۈنكى كۈندىكى قوپاللىق بىلەن سۇسلاشتۇرۇشنىڭ گەۋدىلىك بەلگىسى. بۇلار سۆزسىز — ئالتۇن ئالدىدا قۇل بولۇش ئىدىيىسىنى كۈچەيتىدۇ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئورنىنى خاتا ھالدا ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئالتۇن بىلەن پۇلنىڭ زاكۇن تايىقى ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇرلايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار بىزگە ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھەمدە تەخىرسىزلىكىنى، جاپالىقلىقىنى ھەمدە مۇرەككەپلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بارماي بولمايدۇ. توغرا مەۋقەدە چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي پوزىتسىيە قوللىنىپ، يۇرەكلىك ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك.

ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا مۇنۇ ئىككى جەھەتتىكى مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىپ، توغرا ھەل قىلىش كېرەك:

1. دۆلەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىگىلىكىنى ماكرولۇق جەھەتتىن تەڭشەش ھەمدە نازارەت قىلىش مەسىلىسى. دۆلەت بىلەن سەنئەت ئۆمەكلىرى، مەدەنىيەت ئىدارىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى.

2. سەنئەت ئۆمەكلىرى، مەدەنىيەت ئىدارىلىرى سەنئەت ئىگىلىكىنى قانداق ئويۇشتۇرىدۇ. ئادەم، ئەشيا، مالىيىنى قانداق باشقۇرىدۇ دېگەن مەسىلە. بۇلار بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك گەۋدىلىك مەسىلىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يەنە بىر نېگىزلىك مەسىلە، دۆلەت بىلەن مەدەنىيەت بازىرىنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى. بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت بازىرىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئىجابىيلىق بىلەن يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇش، بازار ئۇچۇرىنى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرىلىتىشنىڭ ئاساسلىق پايدىلىنىدىغان ماتېرىيالى قىلىش بىلەن بازارنى رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ سەنئەت ئىگىلىكىدىكى ئىجابىي رولىنى گەۋدىلەندۈرۈش. شۇنىڭ بىلەن بىللە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ مەدەنىيەت ئىگىلىكىگە يەتكۈزىدىغان زىيىنىنى قەتئىي تىزگىنلەش كېرەك. سەنئەت ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارنى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا يېتەكلەش، بازارنىڭ ئۇلارنىڭ تۇمشۇ-

قىلدىن يېتەكلەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. سەنئەت ئىگىلىكىگە دۆلەت يېتەكچىلىك قىلامدۇ دېگەن مەسىلە ــ بىزنىڭ ئىككىلەنمەي جاۋاب بېرىشىمىزگە ئەرزىيدىغان گەۋدىلىك مەسىلە. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىگىلىكىنىڭ مەقسىدى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.بازارنىڭ تەلىپى بىلەن خەلقنىڭ تەلىپى ھەمدە خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ بىر تۇتاشلىق تەرىپىمۇ بار، شۇنداقلا، قارىمۇ ـ قارشىلىق تەرىپىمۇ بار. بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بىز پەقەت خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىدىلا مەدەنىيەت ئىگىلىكىنى يۈرگۈزىمىز. قانداق قىلغاندا خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجى تېز، توغرا ھالدا مەدەنىيەت ئىگىلىكى سېپىدە ئەكس ئېتىدۇ ياكى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئالدىنقىسىنىڭ ھاجىتىگە قاراپ كېيىنكىسىنى تەڭشەپ بارىمىز دېگەن مەسىلە بىزنىڭ ئىسلاھات داۋامىدا ئەھمىيەت بېرىپ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دۆلەت ئىلگىرى ھاكىمىيەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. بۈندىن كېيىنمۇ سۆزسىز،خىلمۇ خىل چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن، ھاكىمىيەت، قانۇن، جامائەت پىكرى، ئىقتىساد قاتارلىق كۆپلىگەن ۋاستىلەر ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچى ئورۇن تۇتىدىغان مۇھىم نەرسىلەرنى بىز پەقەت قانۇنىي جەھەتتىن قوغداپلا قالماستىن، يەنە جامائەت پىكرى ئارقىلىق ئۇلارنى تەقدىرلىشىمىز، ئىقتىسادىي سىياسەت ئارقىلىق كۆيىنىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ، مالىيە جەھەتتىن ياردەملىشىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ بۇ قېتىمقى تاكجارىق توغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلىشىمىزنىڭ ئۆزىمۇ دۆلەتنىڭ ئەنە شۇ مەدەنىيەت ئىگىلىكى توغرىسىدىكى بەلگىلىملىرىنى ئىخلاس بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شۇنداق قىلىپ كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىشقا، تالانتلىقلارنى يېتىشتۈرۈشكە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت مىزنى بېيىتىشقا، ئىشكنى بارغانسېرى كەڭ ئېچىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(قازاقچىدىن ماخمۇت مۇھەممەت تەرجىمىسى)



# شېئىرلار

## ئابدۇساتتار ناسىرى

### ئاغى بۇلاق تاغلىرى

تاغ كۈيلەيدۇ،
تاغلار كۈيلەيدۇ.
كۈيلەيدۇ ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن
ئاغى تاغلىرى:
«تاغمۇ - تاغلاردىن ئېگىز،
ئاغى بۇلاقنىڭ تاغلىرى.
ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈلباغلىرى...»
ماشىنا ئوت ئېلىپ ناخشا كۈچىدىن،
يىلاندەك تولغۇنۇپ،
يامشار داۋان ئۈستىگە.
قارمۇ يوق بۇ يەردە،
باغمۇ يوق.
تېزرەك چىقىشقا ئىنتىلىدۇ جان،
ئاچچىق تۈپىلىق تاغلار ئىچىدىن.
قۇلىقىمدا يەنە شۇ ناخشا:
«تاغمۇ - تاغلاردىن ئېگىز،
ئاغى بۇلاقنىڭ تاغلىرى...»

### شېكەر كۆل

تەكلىماكان ئىچىگە
تولۇنئاي قونغاندەك،
چاقناپ تۇرار قۇملۇقلار ئارا
گۈزەل شېكەر كۆل.
سۈيى شورلۇق،
مېھرى كەۋسەر كۆل.
«قارا كۆسەي»قوغۇنى ئۈنىڭ
بىر مۆجىزە.
تېشى تومۇز،
ئىچى مۇز.
يېسەڭ ئۈنىڭدىن بىر تىلىم،
يوقالغاندەك بولار شۇئان ئېگىزدىن ،
كۆيىۋاتقان جەزىرە...

### كىچىككىن تارىخ

چەشمە بۇلاق بولۇپ،
ئاقتى ياشلىرىم.
كۆرگىنىڭدە ھەزرىتى موللام،
قەبرىگاھىنى.
ئۇلۇغ زېمىنسەن ئوپال!
ساقلاپ كەپسەن باغرىڭدا
ئاسراپ
مەھمۇد قەشقىرىدەك
نۇر ئىلاھىنى.
كەچۈرەرمۇ تارىخ،
ئۆز بوۋىسىنى مىڭ يىل
كېچىكىپ تونىغان —
ئوغۇل - قىز گۇناھىنى؟!

## يۈرەك سوۋغىسى

(ئا. جارۇللايۇپنىڭ سەھنە ھاياتىنىڭ 60 يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن)

تاغ باغرىدا،
باغلار قوينىدا،
دوستلار بۈگۈن جەم بولدۇق يەنە.
تاغ كاككۇكى ،
باغنىڭ بۇلبۇلى،
سەكسەن ئىككى باھار شاھىدى بولۇپ،
ئابدۇۋەلى جارۇللا ئاكا،
ئارىمىزدا،
پەرىشتىدەك ئولتۇرار ئەنە.
ئۇ، مەجنۇن
لەيلى ئىشقىدا،
ئۇ، پەرھات
شېرىن
ئىشقىدا،
ئۇ غۇنچەمنىڭ ئاشىقى نۇرۇم
ئۇ، «سادىر»،
ئۇ، «خانلەيلۇن»،
ئۇ، «ئەۋرىشىم»،
ئۇ، «جۇنۇن»،
ئۇ، «ئاھ ھېكىم»،
ئۇ، «قاپ - قارا قوي كۆزلىكۈم»،
ئۇ، دەريا ئېقىپ يېتىمەس،
ئۇ، چولپان مەڭگۈ ئۆچمەس!

## ھەي ئادەملەر

ھەي، ئادەملەر
غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈڭلار،
دېڭىز - دەريادا،
ئۇچۇڭلار چەكسىز سامادا،
بۇ دەريا - دېڭىز بېلىقلارغىلا،
بۇ ساما - ئاسمان قۇشلارغىلا
يارالغان ئەمەس.
ئۈزۈڭلار،
ئۇچۇڭلار،
زايە كەتمىسۇن بۇ دېڭىز - ئاسمان!

## گوياكى ...

يالغان سۆزلەشنى
بىلمەس ئۆلۈكلەر،
يالغان سۆزلەشنى بىلىدۇ پەقەت،
تىرىك ئادەملەر.
گوياكى يالغاندىن يارالغاندەكلا
بۇ پانى دۇنيا،
بىر يالغان يەنە بىر يالغاننى تۇغار...

## تەرەققىيات سېھرى

زامان ئۆزگەردى،
دەيدۇ بەزىلەر،
تەرەققىيات زور!
ئۇنداقتا،
بۇندىن كېيىن ماقال - تەمسىللەرمۇ
ئۆزگىرەر بەلكىم،
ئېشەككە مۈڭگۈز،
پاقىغا قۇيرۇق ھەم
چىقىشى مۇمكىن.
تۆگىنىڭ قۇيرىقى يەرگە يېتەر،
ئايدىڭكۆلگە باشلاش مۇمكىن ،
دېڭىز سۈيىنى.
بۆرە بىلەن قوي بەلكىم دوست بولار،
ھەقىقەتنى ئەگمەيلا
سۇندۇرۇش مۇمكىن.
بەلكىم تەڭرى يەرگە چۈشەر—
ئۆزىنى كۆرسىتەر بىر كۈن.
بەلكىم ئەسلىگە كېلەر،
كىرۇران شەھرى،
قۇملار ئايلىنار كېمەك ئالتۇنغا.
بەلكىم تۆگەر تېيىپچاننىڭ

«تۆگىمەس ناخشا» سى،
بەلكىم كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈشمۇ،
مۇمكىن بولار
قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشىغا!

## رۇبائىي ۋە پارچىلار

### تۇردى سوپى

ناداندىن كىمكى ئەمەللەر تۇتسا،
كارى يوق خەلقى ئەلەملەر يۇتسا.
پاقىغا قۇيرۇق چىقىپتۇ دەگىلار،
بىشەملەر نىكۇن تۆھمەتتە ئۇتسا.

*  *  *

خۇيىدىن بىلىنەر ئادەمنىڭ يېتى،
چىرايدا ئەمەس گۈزەل ھەم سىتى.
دېگىن بۇرادەر كۆيدۈرگىلەرنى،
ھاياتقا چۈشكەن زىيانداش مىتى.

*  *  *

تەكەببۇر ھامان ئارقىدا قالار،
پىتنە ئارىغا ئاداۋەت سالار.
تۆھمەت قاچاندا مەيدانغا چىقسا،
ھەقىقەت ئۆزىنى دالدىغا ئالار.

*  *  *

ئوخشىماس ئادەمنىڭ ئىچىگە تېشى،
ئۆكتەمنىڭ يوغان كېلىدۇ بېشى.
كالىنىڭ مۆڭگۈزى ئىشەكتە بولسا،
قالمايدۇ تىرىك جاھاندا كىشى.

*  *  *

كىم يامان دېسە ئۆزگىگە ئۆزىنى،
چوقىغان بولۇر ئۆزىنىڭ كۆزىنى.
ئۇنداقلار يالغۇز ئۆزىنىلا ئەمەس،
بەلكى تۆكىدۇ مىللەت يۈزىنى.

*  *  *

كىمكى يامان بولسا يارىماس،
بوسۇغىسىغا ھېچكىم دارىماس.
يامانىنى زامان كەچۈرمەس چۈنكى،
تارىخ رەھىمسىز، كۆڭۈل قارىماس.

*  *  *

قۇياش ياندۇرۇپ ئۆتكەن كۈنلەر كۆپە،
ئارزۇلار قانغان كۈنلەر تېخى ئاز.
ئۆمرۈمنىڭ تېگى ئۆتتى قىش بىلەن،
كەلگىچە كەتتى باھار بىلەن ياز.

*  *  *

ئىشەنچىسىز قەدەملەر ئىشىك ئالدىمدا،
كۆردۈم سەھەر سىنىنىڭ ئىزلىرىنىڭ.
ئۆزەڭ ۋەيران قىلغان دوستۇڭ قەلبىدىن،
ئىبىتقىن قانداق نېمە ئىزلىدىڭ؟!...

*  *  *

ئۆمۈر گوياكى ساھىبى بىر قىز،
شۇ ۋەجىدىندۇر ئۇنى سۆيۈشۈم.
شۇنچە ئەقىدە قىلغانغا چۈشلۇق،
بىكار كەتمىسە دەيمەن كۆيۈشۈم.

*  *  *

نە ئىش كۆرمىدىم ئۆمۈر يولۇمدا،
بىلمەيمەن ئەتە نېمە كۆرمىشنى.
پەلە - پەتىش گەپلەرنى قويۇپ،
يېزىپ قال سوپى ئەندى تۇرمۇشنى.

## ئۆلمەكتە روھىمدا بىر قۇش

### ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم

**ئالقىنىمدا بىر ئوچۇم يالقۇن**

ئۇچۇپ كەتتىڭ قانداق قۇش بولۇپ...
قونۇپ قالدىڭ قايسى شاخلاردا؟!.

مۆكۈندىگمۇ پاكى ئەرشكە،
زەر قاناتلىق ئوماق پەرىشتە!؟
بۇلىقىمنى ئۆكسۈتكەن سەنمۇ،
سىگىپ كىرىپ كېچە چۈشۈمگە!؟

دىلداشمۇ سەن ياپراقلار بىلەن،
ئىسەدەيدۇ يېلىنجاپ سوئال
سۈكۈناتىنىڭ لەۋلىرى ئارا.
ئۇنىلمەكتە روھىمدا بىر قۇش،
سەن كۆرمىگەن، ساڭا ناتونۇش...

تونۇماقتا ئاياز گۈللىرى،
سۇنۇق خىيال پەرۋازى ئارا.
يېپىشقاندا قەلبىم شېخىغا،
سېغىنچاڭنىڭ يۇمشاق قوللىرى.
ئالقىنىمدا بىر ئوچۇم يالقۇن،
سەيياھلىققا سۇندى كىم مېنى؟
كېزىپ چىقتىم يەتتە ئىقلىمنى،
تاپالمىدىم سېنى ئىپە سېنى.
گۇمانلىقتۇر بارچە ئادەملەر،
گۇمانلىقتۇر بىز سۆيگەن قۇياش.
گۇمانلىقتۇر تىلسىم بۇ ئالەم،
چېكىپ كىرەي قايسى ئىشىكنى،
كىمدىن سوراي سېنى ئىپە سېنى ...

**باھار**

باھار
تارتىنچاق قىز ئۇ،
ئون سەككىزگە ئەمدىلا تولغان.
زەر قاناتلىق پەرىزات سۈپەت.
شۇنچە ئوماق،
شۇنچە مۇلايىم.
شۇڭا
كېتەلمەيدۇ شوخ تەنتەك شامال،
قانات سۆرەپ ئۇنىڭ يېنىدىن.
قۇشلار،
پەرۋاز قىلىپ كېلەر يىراقتىن،
ئۆگەنمەك بوپ ئۇنىڭدىن ناخشا.
قىش قولىدا تۇتقۇنغان دەريا،
سەپىرىنى قىلىدۇ داۋام،
ئىچىپ ئۇنىڭ مېھرى - سۇتىنى.
قەسىدە توقۇپ چاقماقلىرىدا،
بوستان ياساپ كۆز يېشى بىلەن
ئاسمان ئاڭا بېرەر مېھرىنى ...

## شېئىر تىلەپ كېلەر چۈمۈلەك

ئەكرەم ئابدۇمجىت

**بې. ئى. غا**

بەلكىم،
ئۇلۇغ موماڭ چۆچەكلىرىدەك
ئىنتىلسەن چەكسىزلىكىڭگە.
بەلكىم،
چۇشۇرۇلسە بوۋاق باشلىرى
ئۇنۇپ چىقسا يېشىل لىرىكاڭ.
سەكرەپ چىقىپ كاچكۆللىرىڭدىن،
دەريالارغا تېمىپ كېتسەن.
بەلكىم،
جاراھىتىڭ تاشقا ئايلاندى،
ئىقىنلىرىڭ كەتتى ئۇلغىيىپ.
شېئىر تىلەپ كېلەر چۈمۈلەك،
يۈرىكىڭدە بىر سوئال بولۇپ...

**مۇھەببەت**

داۋالغۇيدۇ يۇمران قېيىقلار،
سۇبھىلەرنىڭ چاناقلىرىدا.
چۇش چايكىسى كېلەر سوزۇلۇپ،
قاراڭغۇلۇق چوڭقۇرلۇقىدا.

دۆۋە - دۆۋە مارجان ئاراللار،
قولتۇقلىشىپ كېتەر يىراققا.
قۇلۇلىنىڭ زەڭگەر قېپىنى،
مۇپتىلا قىپ دەردى - پىراققا...

# ۋىسالسىز سۆيگۈ

(ھېكايە)

زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت

سالام ھۆرمەتلىك سۇلھەت! خېتىمنىڭ بېشىدىلا، ساڭا بولغان قايناق سۆيگۈمنى ئىپادىلەيدىغان «سۆيۈملۈك» دېگەن سۆزنى ئاتىمىغىنىمغا ھەيران بولىۋاتقانسەن ؟ خېتىڭنىڭ جاۋابىنى كۆڭلۈك تۇيۇۋاتقاندۇ؟!

سۇلھەت! مەن تەغدىرنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتىم. بىراق، سېنىڭ (مەن دۇنياغا تۆرىلىپ ئەڭ يالقۇنلۇق، ئەڭ سەممىي، ئەڭ پاكلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان ھېسسىياتىم بىلەن ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ) بەكمۇ كېچىكىپ سۆيگۈ ئىزھار قىلىشىڭنى ئويلىمىغان ئىدىم. سېنىڭ خېتىڭنى ئوقۇپ، بۇندىن بەش يىل بۇرۇنقى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قىزلىق ھېسسىياتىم بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا، ئۆز ئارزۇيۇمغا قارشى ھالدا قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمۈۋەتكەن ئاشۇ پاك تۇيغۇلىرىم، ئاشۇ قايناق ھېسلىرىم قايتىدىن قوزغىلىپ قەلبىمدە باشقىچە غەليان كۆتەردى.

ئاھ، تەغدىر نېمانچە ئادالەتسىزدۇ؟! ئەگەر سەن ئۆز سۆيگۈڭنى بۇندىن بەش يىل بۇرۇن ئىزھار قىلغان بولساڭ - ھە! ئۇ چاغدا مەنمۇ بۇنداق قىسمەتكە دۇچ كەلمىگەن، بىر چاغلاردا زارىقىپ كۈتكەن خەتكە قاراپ ئەگلىكتە قالمىغان بولاتتىم! ياق! سۇلھەت، سەندە گۇناھ يوق. ئۇ چاغلاردا بىز تېخى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىدۇق. گەرچە ھەر ئىككىمىزنىڭ قەلبىدە ئاتەشتەك ھارارەتلىك سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى يانغان بولسىمۇ، ئەتراپىمىزدىكى تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر، ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە غۇرۇر تۈپەيلى ئۆز ئارا سىر يوشۇرۇپ يۈرگەن ئىدۇق. سەن خېتىڭدە مېنى شۇ چاغدىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى تەن ئېلىپسەن. گەرچە مەن ئاشۇ چاغدىلا سېنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغان بولسامۇ، لېكىن، ساڭا تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرىكىمنىڭ يوشۇرۇن كۆيۈشلىرى ئۇزاق تۈنلەردە ماڭا ھەمراھ بولۇپ، ھالال جۈپتۈم مەتتىمىن بىلەن تۇنجى رەت بىللە بولغان ئاشۇ توي كېچىسىدىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىنكى 13 ئاي ئىچىدىمۇ «سۇلھەت» دېگەن بىرلا ئىسمنى يادلىغان ئىدىم. خىيالىمدا دائىم يىرىك قارا چاچلىرى كەينىگە تارالغان، ئاق يۈزلۈك، كەڭ پېشانە، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئەقىل - ئىدراك ئۇرغۇپ تۇرغان، دائىم تەن ھەرىكەتچىلەر كىيىمى كىيىپ يۈرىدىغان ئېگىز بويلۇق بىر بالىنىڭ — سېنىڭ ئوبرازىڭ گەۋدىلەنگەن ئىدى. ئۆزەمنىڭ سېنى ئۇنتۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىم ھېچ ئۈنۈم بەرمىگەن، بەلكى شۇ «ئۇنتۇش» سېنى دائىم ئەسلەتكەن ئىدى. خىيالىمدا سەن بىلەنلا ياشايتتىم. ئەندى بىلسەم،

مۇھەببەت ئوتى ھىجران ۋاقتىدا تېخىمۇ يالقۇنلايدىكەن. گاھىدا ئاسمانىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ جۇت ـ شىۋىرغان بولۇۋاتقان كۈنلەر ساڭا گۈزەل، يېقىملىق تۇيۇلىدىكەن. گاھىدا قۇياش پارلاپ گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان كۈنلەر ساڭا قاراڭغۇ ـ زۇلۇمەتلىك تۇيۇلىدىكەن. بۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان مەن ئۆز جىددىيچىلىكىم تۈپەيلى سېنى «ئۇنۇتقان»، بۇرۇنقىدەك ياش تۆكمىگەن، ھازىرقى كۈنلىرىمگە قانائەت قىلىپ، ھەممىسى تەغدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، دەپ قاراپ تەغدىرگە تەن بەرگەن ئىدىم. تۆت كۈن بۇرۇن سېنىڭ سۆيگۈ خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، بىر چاغلاردىكى قايناق ھېسسىياتىمنىڭ تېخى تۈگەپ كەتمىگەنلىكىنى، ئۆزەمنىڭ «ھېسسىيات قېرىسى» بولۇپ قالمىغىنىمنى ھېس قىلدىم.

شۇ تاپتا جاھاننى تىترىتىپ ۋاقىرىغىم، كائىناتنى قۇچاقلاپ يىغلىغۇم، ئارماندا قالغان ياشلىقىمنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى يىغىشۇرۇپ كەلگەن ئازابلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكالىغىم كەلدى.

بىلەمسەن سۆلھەت، شۇ تاپتا كۆز ياشلىرىمقانچىلىك ئېقىۋاتىدۇ؟ خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالغان تۆت كۈندىن بۇيان ھەر كۈنى قەلەم تۇتۇپ، ئۇزاق ئولتۇرۇپ بىر نەرسىلەرنى يازىمەن ـ دە، يىغلاشقا باشلايمەن. شۇ تاپتا ئۇيقۇسىزلىقتىن باشلىرىم يېرىلغۇدەك ئاغرىماقتا. بىراق، مەن يەنىلا يىغلاپ ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى سەنمىي، يالقۇنلۇق، ئەمما پىغانلىق، ۋىسالسىز سۆيگۈمنىڭ قۇدرىتىدىن بولۇۋاتىدۇ. ھازىر شۇنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىدىمكى، مەن پەقەت سېنى، پەقەت سېنىلا ياخشى كۆرۈپ كەپتىمەن. بىراق، تەغدىر شۇنداق پۈتۈلگەنمۇ قانداق، بىزنىڭ سۆيگۈمىز تاغدىن بۈيۈك، دېڭىزدىن چوڭقۇر، قۇياشتەك ھارارەتلىك، ئاناسۇتىدەك پاك بولسىمۇ، مەڭگۈ ۋىسالغا يېتەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

شۇ تاپتا كېچىكى تۈننىڭ جىملىقىنى بۇزۇپ قايسىدۇر بىر ئولتۇرۇشلاردىن قايتقان بىراۋلارنىڭ ئېيتىپ كېلىۋاتقان ناخشىسى ئوچۇق تۇرغان بالكۇننىڭ دېرىزىسىدىن ئۇچۇپ كىردى:

«ئانام مېنى تۇغقاندا،
ئاق بۆشۈككە بۆلىگەن،
ئۆمرى بولسۇن دەپ تىلىگەن،
بەختى بولسۇن دېمىگەن».

بۇ ناخشىنى مەن كىچىكىمدىن تارتىپ بىلەتتىم. تەنەپپۇس ۋاقتىدىكى «بۆك تاشلاش»ئويۇنلىرىدا يېڭىلگىنىمدە، دائىم مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. يېزىدىكى چېغىمدا ھەر كېچە دېگىدەك بۇ ناخشا گويا تۈگىمەس ناخشىدەك، ئۆيىمىزنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇچۇپ كىرەتتى. ئۇ چاغلار مۇشۇ ناخشىنىڭ مۇڭى مېنىڭ پۇغانلىق قەلبىمنى ئېزىپ، كىچىككىنە ياستۇقۇمنى ھۆل قىلىپ چىقىشىمغا سەۋەبچى بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بۇ ناخشا ماڭا بۇ شەھەردە ئەمەس، بەلكى يىراقتا قالغان بىزنىڭ يېزىنىڭ چىغىر يوللىرىدا ئېيتىلىۋاتقاندەك، تۈن قوينىنى يېرىپ يىراقلاردىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ناخشا بىلەن تەڭلا تاغدەك ئېگىز غارام ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئارا بىلەن بۇغداي باغلىرىنى ئەپچىلىكىنە سانجىپ ئېلىپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتى ئاستىدىكى باغلار دۆۋىسىگە تىزىۋاتقان؛ ئايدىڭدا ساپ ـ سېرىق بۇغداي غوللىرىنى قامللاپ تۇتۇپ، ۋارسىلدىتىپ ئوما ئورۇۋاتقان، سەلكىن شامالدا توپىنى ئاسمان پەلەك ئېتىپ سورۇق سورۇۋاتقاندەك يەردەم، ئېگىز دېھقان يىگىت كۆز ئالدىمغا كېلەتتى.

سۆلھەت، مەن ھازىر بىر يالىنىڭ ئانىسى. سەن بۇنى بىلسەڭ كېرەك. چەت ئەلدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇپ كەلگەن، بەختى پېشانىسى ئوڭ كەلگەن بىر يىگىت تۇرۇپ مەندەك بىر ئايالغا بۇ تەلەپنى قويىماس ئىدىڭ. سەن مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ، بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇنقى «مەن ياخشى كۆرىدىغان قىز» دەپ ھېسابلىمىدىڭ. مېنىڭ رېئاللىقنى يوشۇرغۇم، ئۆزەم سۆيگەن كىشىنى ئالداپ ساختىپەزلىك بىلەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكىم يوق. مەن ساڭا ھەممىنى، مەندىن خەۋەرسىز قالغان چاغلىرىڭدىكى ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرەي.

بىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلىمىز، دادام مېنى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرمىدى: «بولدى،

مۇشۇ ئوقۇغىنىڭمۇ يېتەر. قىز بالا دېگەننى باشقىلار باقىدۇ»دېدى؛ تۇۋۇۋا! بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شۇنداق دەپ ئۆزلىرىنىمۇ، مىللەتنىمۇ نادانلىقتا قالدۇرغىنى قايسى دەۋر، بۇ قايسى دەۋر؟! قورساقنىڭ ئاچلىقىنى تولدۇرۇش مۇمكىن، لېكىن، مەنىۋى ئاچلىقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بىر كۈن كېچىكىپ ھازىرقى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئېلېكترون دەۋرىدە قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى نېمىشكە ئويلىمايدىغاندۇ؟!

مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم دادامنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقتىم. دادام غەزىپىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ: «تېخى ماڭا گەپ ياندۇرغىدەك بولدۇڭمۇ؟ ساڭا تىل چىقارغان، سېنى گۆكىرەتكەن ئاشۇ مەكتەپ، مەن ئەمدى سېنىڭ مەكتەپكە بارغىنىڭنى كۆرەي»دەپ ئوقۇش ماتېرىياللىرىمنىڭ ھەممىسىنى يالىنجاپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاققا تاشلىدى. مەن دادامنى — مېنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان دادامنى غەزەپ بىلەن ئىتتىردىم - دە، دەھشەت بىلەن چىقىرغىنىمچە ئۆزەمنى ئوچاققا ئاتتىم. كۆيۈۋاتقان ئوچاققا قولۇمنى تىقتىم. ئاھ! مېنىڭ قول كۆيدۈرۈپ ئېرىشكىنىم نېمە بولدى؟ چالا كۆيگەن كىتاب ۋاراقلىرى، تېخى تەلتۆكۈس ئۆۋۈلۈپ كەتمىگەن قەغەز كۆيۈكلىرى، ئوتتا كۆيگەنلەر مېنىڭ كىتابلىرىم ئەمەس، يۈرىكىم، ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئىدى. مەن شۇ چاغدا بىلدىمكى، ھېلقى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى » دا مىللىتىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆيدۈرگەنلەر دادامغا ئوخشاش ئىلىم - مەرىپەتنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمەيدىغان ياۋۇز تەلۋىلەر ئىكەن.

مەن دادامنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغىنىنى كېيىنرەك بىلدىم. دادام قاسساپ ئىدى. ئۇ شۇ ۋاقىتتا يېقىندىن بېيىغان بىر باي چارۋىچى بىلەن تونۇشۇپ ئېلىم - بېرىم قىلىپ يۈرۈشكەنىكەن. ئۇ چارۋىچى بىر كۈنى دادامغا: «قىزىڭنى ئوغلۇمغا بەرسەڭ!؟»دەپتىكەن، دادامنىڭ بېشى كۆككە يېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن قۇدا بولسا، دادامنىڭ تىجارىتى ئۈچۈن پايدىلىق - تە. مەن بۇ سودا ئارىلاشقان نىكاھقا قەتئىي قارشى تۇردۇم. ھەتتا: «ئۆلۈۋالىمەن. يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئەرز قىلىمەن»دەپ تەھدىت سالدىم. بىراق، مەن ئۆلىۋالمىدىم، ئەرزمۇ قىلمىدىم. مەن بۇ تويغا قوشۇلدۇم. مېنىڭچە ئىرادىلىك ئادەمنى ئەگەر ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قىينىسا، ئۇ ئۆز پىكرىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرىدىكەن. بىراق، كۆپلىگەن ئادەملەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۈزۈلدۈرمەي نەسىھەت قىلىۋەرسە، ئۇ ھېچ بولمىسا ئىددىيە جەھەتتىن تەۋرەپ قالىدىكەن. بۇ خۇددى مومام ئېيتقان چۆچەكتىكى بوران قانچە كۈچەپمۇ سالدۇرالمىغان جۇۋىنى ئاپتاپنىڭ ناھايىتى تېزلا سالدۇرۇۋەتكىنىدەك بىر ئىش ئىكەن. ماڭا شۇ 3 - 4 ئايدىن بېرى نەسىھەت قىلمىغان تۇغقانلار، قولۇم - قوشنىلار ۋە ھەتتا مەن ئەرز قىلىمەن دەپ ئىشىنىپ يۈرگەن يېزىلىق ئاياللار باشلىقى قالمىدى. ئۇلار يىگىتنىڭ پەزىلىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، تويدىن كېيىن مېنى ھەتتا پۇل تۆلەپ ئوقۇتىدىغانلىقلىرىنى دېيىشتى. گەرچە مەن شۇ چاغدا سېنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغان؛ سېنىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلىدىغان بولسامۇ، لېكىن ئارىمىز ئېچىلمىغانىدى. مەن ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ساماۋى مۇھەببەت بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن ئىلاجسىز تويغا قوشۇلدۇم. توي يېقىنلاشقانسېرى مېنى قايغۇ - ئەلەم باستى. ئۆزەمنىڭ قانداقلارچە رازىلىق بېرىپ قويغىنىمغا ھەيران ئىدىم. ئاچچىقىم كېلەتتى. يېنىۋالاي دېسەم ھەممە تەييارلىقلار پۈتتۈپ بولغان. يىگىت تەرەپنىمۇ، ئاتا - ئانامنىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالدۇراتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئۈن - تىنسىزلا ئوقۇشقا كەتتىڭدە، ماڭا ھەمدەم بولغىنىدەك خېتىڭمۇ كەلمىدى. ئاخىرى توي بولدى. توي كۈنى يىغلىغان يىغامغا دوستلىرۇم ھەيران بولۇپ: «ئۆزەڭ خالاپ قىلدىڭمۇ؟ يەنە نېمىگە يىغلايسەن؟ نازلىنىشمۇ لايىقىدا بولسۇن». دېيىشتى. بىر قىزنىڭ پۇل - مال ئالدىدا ئېتىبارسىز قالغان ئالتۇندەك ساپ ھېسسىياتىغا، خارلانغان ياشلىقىغا بولغان ئېچىنىشى ئۇلارغا «نازلىنىش»بولۇپ تۇيۇلىۋاتاتتى.

يولدىشىم مەتىمىن، باشقىلار ئېيتقاندەك،

ياخشى يىگىت ئىدى. ئۇ بىر قېتىم ئۆيلەنگەن. ئايالى تۇغۇتتا ۋاپات بولغان ئىكەن. ئۇ ئائىلە ئەخلاقىغا دائىر ئىشلاردىن خەۋەردار بولغاچقىمۇ مېنى ناھايىتى ئىززەتلەيتتى.

دۇنيادا يېشىلمەيدىغان سىر، چىقمايدىغان كىر يوق. مېنىڭ سىرىمنىڭ پاش بولۇشىغا كۈندىلىك خاتىرەم سەۋەبچى بولدى. بۇ بىز ئەندى بىر باللىق بولغان چاغ ئىدى. ئۇ كۈنى مەن ئاپامنى يوقلىغىلى كەتكەن ئىدىم. قايتىپ كەلسەم ئۆي مالىماتاڭ قىلىنغان. مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ساندۇقۇمنىڭ تېگىدە ساقلاۋاتقان كۈندىلىك خاتىرەم ۋاراقلىرى ئاجراپ يەردە ياتاتتى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماي تامغا يۆلىنىپ قالدىم. بۇلۇڭدا بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان مەتتىمىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قولۇمدىن باللىنى زەرب بىلەن تارتىپ ئالدى - دە: «ئۆيدىن چىق!» دەپ ۋاقىرىدى. مەن ئۆمۈر بويى بىرلا، بىرلا ئادەم بىلەن ئۆتۈشنى خالايتتىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قايتا ياتلىق بولۇش مېنىڭ نەزىرىمدە چوڭ ئەخلاقسىزلىق ئىدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلىدىم. بۇندىن كېيىن مەن ھەرگىزمۇ باشقا ئويلاردا بولمايمەن دەپ قايتا - قايتا يېلىندىم. ئۇ مېنىڭ يىغلىرىمدىن تەسىرلەندىمۇ قانداق، جىم بولۇپ قالدى. شۇ كېچىنى بىرىمىز يىغا بىلەن، بىرىمىز ئاچچىق خورلىنىش بىلەن ئۆتكۈزدۇق. دۇتارنىڭ ئۇلانغان تارىدىن چىققان ساز ھېچقاچان جاراڭلىق، يېقىملىق بولمايدۇ. مېنىڭ ساڭا بېغىشلانغان سىرلىرىمنىڭ پاش بولۇشى يولدىشىمنىڭ قەلبىنى زىدە قىلغان ئىدى. شۇڭا شۇ ئىشتىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ماڭا: «مېنى قىلچە ياخشى كۆرمىگەن بىرى بىلەن ئۆي تۇتۇپ، ئۆزەمنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئازابلاشنى خالىمايمەن. ئۆيدىن خالىغان نەرسەڭنى ئال! ئاجرىشىپ كېتەيلى، مەن باللىمىزنى يۈكسەك مېھىر - مۇھەببەتتىن تۇغۇلدىمىكىن دېسەم، ئۇ ئاچچىق ئەلەم - ھەسرەتتىن تۇغۇلۇپتىكەن. ماڭا مۇشۇ بەختسىزلىكىمنىڭ يالدامىسىنى قالدۇرۇپ كەت!» دېدى. مېنىڭ بۇ ئۆيدىكى بىساتلاردا نېمە ھەققىم بار ئىدى؟ ئاددىيسى مەن ئۇنى ئۆمۈرلۈك ھەمرايىم سۈپىتىدە ياخشى كۆرۈپ باقتىمۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭغا ئەللىك نەرسىلەرگە قول تەككۈزىمەن؟

مەن ھېچنېمە دېمەي، قۇلىقىمدىكى تويلۇق ھالقىنى ئېلىپ: «بۇنى قىزىمىز چوڭ بولغاندا سالسۇن!» دەپ بۆشۈكنىڭ بېشىغا قىستۇردۇم. ئەمەلىيەتتە مەن بۇ ئۆيگە ئاشۇ ھالقىنىڭ قىممىتىچىلىكمۇ كۆڭۈل قويمىغان ئىدىم.

مېنىڭ زەپىرەگە ئاجرىشىش قەغىزىنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىمنى كۆرگەن ئاپام داڭ قېتىپ قالدى. دادام بولسا بارلىق ئارزۇ - ئۈمىتلىرى سۇغا چىلاشقاندەك سالپىيىپ كەتتى. مەن مەتتىمىن بىلەن كېلىشەلمىگەنلىكىمىز بويىچە: «ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى چۈشمەپتۇ» دېدىم. ئاپام بىر نەچچە كۈنگىچە: «نېمە؟ ئاشۇ تاغ شاملى يەپ كەتكەن قارىلاقنىڭ، مېنىڭ لەھەلدەك سۈزۈك قىزىمغا كۆڭلى چۈشمەپتىمۇ؟» دەپ قايناپ يۈردى. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىمغا ئەمەس 19 يېشىمدىلا تۇل خوتۇن بولغىنىمغا ئېچىنىپ ھازىرغىچە ئازاپلىنىمەن. بۇلارنى ئاز دېگەندەك، كېيىن بىر نەچچە يەردىن ئەلچى كەلدى. مەن قەتئىي رەت قىلدىم. ئاتا - ئانامۇ ئىلاجسىز زورلىمىدى.

بىر چاغلاردا «باشقىلارغا ھاپاش بولۇشنى ئەمەس، باشقىلارنى ھاپاش قىلىپ مىڭىشنى» ئويلايدىغان مەندەك بىرسىنىڭ تەييارغا ھەييار بولۇپ ئولتۇرۇۋېرىشى ئۆزەمگە ئېغىر كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر سەيپۇڭغا شاگىرتلىققا كىردىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى مەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان رازىيە كىيىم بۇيرۇتقىلى دۇكىنىمىزغا كىرىپ كەلدى - دە، مېنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. كېيىن: «ۋاي، سەن رىزۋانمۇ سەن دوستۇم!» دەپ قۇچاقلاپ كەتتى. «مەن سېنى ھېچقاچان كۆز ئالدىمغا مۇنداق ھالەتتە كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدىم. رىزۋان ساڭا نېمە بولدى؟» - دېدى ئۇ ماڭا ئېچىنىش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ.

مەن بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئاشۇ كۈنلەردە ھېچكىممۇ بەختسىزلىكىمنى يۈزۈمگە مۇنداق ئېنىق ئېيتمىغان ئىدى. دېمىسىمۇ رازىيەنىڭ ستودېنتلارغا

خاس تۇرقى ـــ پۈتمدىكى ئېگىز پاشنىلىق توپلىيى،
بېلىنى چىلڭ قىسىپ تۇرغان نېپىز كۆينىكى، يەلكىسىنى
يېپىپ تۇرغان بۆدرە چاچلىرى مېنىڭ دۇگقاگلى
كۆينەك ئۈستىدىن نىمكەش چاپان، پەس پاشنىلىق
خەي كىيىپ، ياغلىقنى چېكىلەپ تاڭغان تۇرقۇم بىلەن
روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان ئىدى. مېنى كۆر-
گەن ھەر قانداق كىشى 19 ياشقا كىرگەن، رازىيە بىلەن
تەڭ ياشتىكى قىز دېمەيتتى. رازىيەنىڭ سۆزى ۋە
ئۆزەمىنىڭ بىچارە تۇرقۇم قوشۇلۇپ، مېنىڭ تېخى قاتمى-
غان يۈرەك يارامدىن قان سىرغىتتى. ئەلەمگە چىدىماي
رازىيەگە ئېسىلىپ قانغىچە يىغلىدىم. ئۇ: «ئاداش، تۇر-
مۇشتا ئۇنداق - مۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلار بولۇپ
تۇرىدۇ. ئادەم ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى
تاشلاۋەتسە ئۇنى جەمئىيەتمۇ تاشلاۋېتىدۇ. قېنى
ئوقۇۋاتقان چاغلاردىكى جۇشقۇنلىقىڭ، ھەممىنى بېسىپ
چۈشىدىغان ئەقلى ئۆتكۈرلىكىڭ؟! بۇرۇن ئىمتىھانغا
قاتنىشالمىغان بولساڭ، ئەندىچۇ؟ تېخى سەن ئەندىلا 19
ياشقۇ!؟ سەن جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولساڭ،
بالاڭمۇ سېنىڭ نامىڭنى نەپرەت بىلەن ئەمەس، پەخىر
بىلەن تىلغا ئالىدۇ» - دېدى.

خۇدايىم مېنىڭ تەقدىرىمنى ئوڭشاشنى رازىيەگە
پۈتۈپ قويغانمۇ قانداق، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ تەي-
يارلىق شىنىپىدا ئوقۇدۇم. ئاقىۋەت، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ
«سىفەن داشۆ»گە قوبۇل قىلىندىم. شۇ چاغدا
غەيرىتىمنى ئۇرغۇتقان يەنە بىر غايىۋى كۈچ سەن ئى-
دىڭ.

مانا ئوقۇۋاتقىنىمغا ئۈچ يىل بولدى. ئۈچ يىل
ھەممىدە ئىلغار بولۇپ باھالاندىم. بۇ قېتىم ئوقۇغۇچىلار
مېنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ ئېلىشتى.
ئاپامنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئەندى مېنىڭ ئامىتىم
كېلىۋاتىدۇ. ئەشۇ قوشلاپ كەلگەن ئامەتلەرنىڭ قاتارىدا
سېنىڭ سۆيگۈگە لىق تولغان خېتىڭنى تاپشۇرۇپ
ئالدىم. لېكىن، مەن بەش يىل ئىلگىرى ئىنتىزارلىق بى-
لەن كۈتكەن بۇ خەت مېنى خۇشال قىلالمىدى.
ئەكسىنچە ئۆتمۈشكە ئايلانغان غۇبارسىز قىزلىق ھايا-
تىمنى ئەسكە سېلىپ كۆڭۈل يارامغا تۇز سەپتى...
سۇلھەت: مەن ئۆزەمنى ئەندى ھېچقانداق سەن بىلەن
بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. توغرا، ھەر
ئىككىمىز مۇھەببەتكە ئېرىشەرمىز. لېكىن سەن ماڭا ھەر
بىر قارىغىنىڭدا، ماڭا ساڭا ئوخشاش كۆزدە قارىغان يەنە
بىر ئەرنىڭ بارلىقىنى ـــ بولغىنىنى ھېس قىلساڭ بۇ
مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب - ھە!؟

كەچۈر، سۇلھەت!

تەلىپىڭنى ئازاب ۋە تەگلىك ئىچىدە رەت قىلى-
مەن.

مەن ھازىر ئاشۇ تاغلىق يېزىدا قالغان قىزىمنىلا،
رازىيە ئېيتقاندەك،قىزىم پەخىرلەنگىدەك ئانا بولۇشنىلا
ئويلايمەن.

مېنىڭ ئوماق قىزىم تاگنۇر ھازىر دادىسى بىلەن
ھېلىمقى قوي باقىدىغان يايلاقتىكى كىگىز ئۆيدە
ئۇخلاۋاتقاندۇ: بەلكى سەبى چۈشلىرىدە مېنى كۆرۈپ
چۆچۈپ ئويغىنىپ دادىسىدىن مەن توغرىلىق
تۈگىمەس سوئاللارنى سوراۋاتقاندۇ. مانا تاڭ سۈزۈلۈۋا-
تىدۇ،ئازدىن كېيىن تاڭ ئاتىدۇ، ھەممە ئويغىنىدۇ. ھازىر
جىمجىت تۇرغان يوللار جانلىنىدۇ. قىزىم تاگنۇرمۇ
ئويغىنىدۇ. ئۇ كىچىككىنە ئاياقلىرى بىلەن شەبنەم باس-
قان ئوتلاقنى دەسسەپ قۇياشقا-قاراپ،قۇياشتىن-مېنى
سورايدۇ...

خوش ئەندى سۇلھەت!

ساڭا بەخت يار بولسۇن!

رىزۋان

مەسئۇل مۇھەررىر: سىدىق تۇرسۇن

# ئامەت

(ھېكايە)

ئابدۇرېشىت مىجىت

ئۇ سومكىنى ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى. سەھەرنىڭ كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان سالقىن شامىلىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى بىر خىل تەسىرلەپ بولغۇسىز ھاياجاندىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئورۇق گەۋدىسى، تارشىدەك قوللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى. دانخورەك بېسىپ كەتكەن يۈزلىرى تارتىشىپ، ئىنتىگكىدەك كۆك، ئۇرا كۆزلىرى بىر نۇقتىغا- سومكىغا تىكىلگىنىچە قې- تىپ قالغانىدى. كونىراپ رەڭگىنى يوقىتايلا دەپ قالغان كۆك كەپكىسى ئاستىدىكى شالاڭ چاچلىرى بېسىپ تۇرغان قارا قاشلىرى بىردەم پەسكە چۈشسە، بىر دەم يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى.

ئىگىسىنىڭ يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇپ، جىمىپ كەتكىنىدىن ئىچى پۇشقان سۈرگاڭكا «نېمىشقا ماڭمايمىز» دېگەندەك قىلىپ، ئارقىسىغا قاراپ قويدى. توختىي شۇندىلا ئېسىگە كېلىپ،ئىككى تەرىپىگە ئالمان - تالمان قارىۋەتتى -دە، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرى بىردىنلا سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى بولغاي، جايىدا بىردەم تۇرۇۋالدى.

ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سومكىنى يەردىن يۆلۈپ دېگۈدەك ئالدى. سومكا خېلىلا ئېغىر ئىدى. قارىغاندا ئىچىدىكى نەرسە كۆپ ئوخشايدۇ. ئۇ سومكىنىڭ سىرتىمىسىنى ئازراق ئېچىپ ئىچىگە قارىدى - دە، يۈرىكى توختاپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى. كۆزلىرى تەسىرلەپ بولغۇسىز بىر خىل خۇشاللىق تەسىرىدە ياشاڭغىراپ كەتتى. پۇل! سومكىدا راستىنلا بىر قانچە توپ پۇل تۇراتتى.

— ئاھ ئامەت! - ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ كەتتى، - بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟

ئۇ تېخى يۇيۇلمىغان چاپاق كۆزلىرىنى ئۇۋىلاپ باقتى. ياق، ئۇ ئويغاق ئىدى. ئەنە، پۇل بىلەن پولتايغان قاپقارا يېڭى سومكا ئۇنىڭ قولىدا تۇرمامدۇ؟!

— ئاھ خۇدا بۇ راستىنلا مېنىڭ بولدىمۇ ياكى بىرەر نائەھلى كاززاپ سومكىنى قەستەن يولغا تاشلاپ قويۇپ، يوشۇرۇنۇۋېلىپ مېنى كولدۇرلاتماقچىمۇ؟ - ئۇ خۇدۇكسىرەپ ئەتراپقا يەر تېگىدىن تۈيدۈرماي قاراپ چىقتى. ياق، ئۇنى ھېچكىم كولدۇرلاتماپتۇ. ئەتراپتا ئىنسى - جىنمۇ كۆرۈنمەيدۇ. خۇداغا مىڭ شۈكرى.

ئۇ تالاي قېتىم مۇشۇنداق بىر ئامەتكە ئۇچراپ قېلىشنى ئارزۇ قىلغان. ھەتتا نەچچە قېتىم نۇرغۇن پۇل تېپىۋېلىپ چۈش كۆرگەن ئەمەسمىدى. ئۇ دائىم خۇدادىن ئۆزىگە ئامەت ياغدۇرۇشنى تىلەيتتى. ئاندا - ساندا ئوقۇپ قويىدىغان نامازلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر تالاي دۇئالىرىدىمۇ خۇدادىن بايلىق تاما قىلاتتى. مانا ھازىر خۇدا ئۇنىڭ تىلىگەنلىرىنى بەردى. بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە سەھەر ئويغىنىپ كەتكىنىگە ھەيران قالغان ئىدى. ئەسلىدە، خۇدا ئۇنىڭغا بۇ ئامەتنى نېسىپ قىپتىكەن ئەمەسمۇ؟

سانى تېخى نامەلۇم بولغان پۇل ھازىر ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. پۇل ھازىر ئۇنىڭكى، ھېچكىم تارتىپ

ئالالمايدۇ. ئۇ بۇ پۇل بىلەن تېزلا بېيىپ كېتىدۇ. سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، زەيلىشىپ، ئۆمۈچۈكلەرنىڭ ماكانىغا ئايلانغان ۋەيرانە ئۆيىنى چېقىۋېتىپ، ئورنىغا يېڭى پاسوندىكى ئۆيلەرنى سالىدۇ. ئۆي - ئوچاقلىقمۇ بولىدۇ. لەقىمىمۇ «توختى گادايدىن»دىن «توختاخۇن باي»غا ئۆزگىرىدۇ. ئاھ شۇ چاغدا ئۇ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولىدۇ ... ئۇنى يۈزىدىن - يۈزىگىلا «گاداي»دەپ تىللايدىغان ئەخەت «قىزىل كۆز»نىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ قىزىرىدۇ. ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدۇ. مەھەللىدىكى قوشنىلارمۇ ئۇنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا ھارۋىدا كىرا قىلىپ يۈرۈپ، قانداقسىگە بېيىپ كەتكەنلىكىگە ھاڭ - تاڭ بولىشىدۇ، ئۇلار خۇدا توختىغا ئىلتىپات قىلغان بۇ ئامەتنىڭ سىرىنى مەڭگۈ ئۇقمايدۇ...

سومكىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان توختى خىيالىنى شۇ يەردە يىغدى - دە، ئەتراپىغا ئىتتىك قارىۋەتكەندىن كېيىن ھارۋىسىغا سەكرەپ دېگۈدەك چىقتى. سومكىنى ھارۋىدىكى ئەسكى پالازنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ، ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالدى، ئاندىن ئېشەكنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ، بۇلغۇن غولىدىن ياسىۋالغان تاياق بىلەن كۆچەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى ئاجايىپ دومبالاپ كېتىۋاتقىنىغا ھەيران بولغان سۇرھاڭگا تاياق زەربىسىدىن بەللىرىنى ئەگكىنىچە يۈگرەشكە باشلىدى. تولا ئۇرۇۋېرىپ قوللىرى ھارغان توختى ئېشەكنى مېڭىشىغا قويۇۋېتىپ خىيال قىلىشقا باشلىدى.

«بۇ پۇللارنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟ ئۇنىڭغا ئالدىراپ ئۆي سالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى پۇلنى يۈتتۈرگۈچى ئىز-دېرىكىنى قىلىدۇ. شۇڭا كەم دېگەندە بىرەر يىل تەخىر قىلىش كېرەك. دائىم ھۆلۈمنى كولاپ يۈرىدىغان ھېلىقى قىزىل كۆز ئۆي سېلىۋاتقىنىمنى كۆرسە چوقۇم قۇسۇر تاپماي قويمايدۇ. ئەمسە پۇلنى چاندۇرماي خەجلەپ تۈگىتەيمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلسام پۇل ئاز كۈندىلا تۈگەپ، يەنە غۇربەتچىلىككە قالىمەن. جايىنى سېتىۋېتىپ يىراق جايغا كېتەيمۇ - يا؟ ھەي ... ئۆز يۇرت دېگەنگە نېمە يېتىدۇ. تازىمۇ بېشى قاتتىقمۇ، ئادەمنىڭ ...بولدىلا، بۇ ئىش ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى بۇ كونا ھارۋىدا كىرا قىلمىساممۇ بولغىدەك. ئېشەك بىلەن ھارۋىنى سېتىۋېتەي. خوش، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ شەھەرگە كىرىپ سودىگەرچىلىك قىلايمۇ - يا؟ توغرا، شۇنداق قىلسام چانمىغىدەك. ئانچە - مۇنچە ئوقەت - پوقەت قىلغان بولۇپ، كېيىن «ۋاقتىدە»ئۆينى سېلىپ ئۆيلىنىۋالسام بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟! ۋاي قاپاق كاللام نېمىشقىمۇ بالدۇرراق خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم. ئەمدى قىزىل كۆزنىڭمۇ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ، غىڭ قىلالمايدۇ - دە...»

توختىنىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئۇچقۇندىدى، يۈرىكى ئويناقشىدى. ئۇ بايىقى خىيالىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھېجىيىپ قويدى.

تاياقنىڭ زەربىسىنى ئوبدانلا تېتىغان ئېشەك بىردەمدىلا ئۇنى ئۆز ئۆيى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. توختى ئېشەكنى ئەمەن - قورايلار بېسىپ كەتكەن ھويلا ئىچىگە ئېلىپ كىردى - دە، ھارۋىدىن چىقاردى، ئاندىن پالاز ئاستىدىن سومكىنى ئېلىپ، ئىشىككە چېگىپ قويغان شوينىنى ئاسانلا يەشتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا ھاجەتكە چىققان تام قوشنىسى ئەخەتنىڭ پاسىل تامدىن بوينىنى سوزغىنىچە ئۆزىگە سەپسىلىپ قاراۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىدى.

توختى ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى، پاكار سۇپىغا سېلىنغان يىرتىق كىگىز ئۈستىگە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سومكىنى ئاچتى.

ئۇنىڭ يۈزلىرىگە يەنە بىر قېتىم كۈلكە يۈگۈردى، پۇل ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدىنمۇ كۆپ ئىدى. بەلكىم 30 مىڭ سوم بولسا كېرەك. لېكىن ئۇ سانىمىدى. سانىسام بەرىكىتى ئۇچۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىدى.

پۇلنى نەگە يوشۇرۇش كېرەك؟ كۆمۈپ قويسۇنمۇ؟ ياق، كۆمسە سىيىپ كېتىپ چاتاق سالىدۇ. ھە، راست، يوتقاننىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويسا بولمامدىمۇ. ئۇنىڭدىنمۇ بەلەن جاي نەدە بار، شۇنداق قىلسا ئۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالايدۇ، پۇلنى يۈرىكىگە تاڭالايدۇ، ھىدلىيالايدۇ. پۇل ھازىرچە سومكىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، پۇل كۆردۈڭمۇ؟ دەپ ئۆيگە كىرمىگەندىكىن

ئاخشاملىققا يوشۇرۇپ قويسىمۇ بولىدۇ. خوش، بۇگۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟ ئامەت يولۇققان بۇ قۇتلۇق كۈننى تەبرىكلىمىسە قانداق بولىدۇ؟ توغرا، بۇگۈن قانغۇدەك ئىچمىدىغان كۈن. كونا ئۆلپەتلىرىنى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ، پۇلنى ئايىماي خەجلەپ، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسا ھېساب ئەمەس.

توختى بىر باغلام پۇلدىن سانىمايلا 300 سومدەك پۇلنى ئاجراتتى - دە، قوينىغا سالدى، سومكىنى ئېتىپ دېرىزە تۈۋىدىكى ئوچاقنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۈستىگە قۇلاقلىرى ئاجراپ كەتكەن قازاننى ئېپىپ قويۇپ ئىشىكتىن چىقتى.

× × ×

توختىنىڭ قاق سەھەردىلا يېپىپكى قارا سومكىنى ئالدىراپ ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشى ئەخەتكە غەلىتە تۇيۇلدى، «ئەجابا، ھەر كۈنى كۈننى چۈش قىلماي ئورنىدىن تۇرمايدىغان بۇ گاداي، بۇگۈن ئەجەپ سەھەر تۇرۇپ كېتىپتا. ئۇنىڭ قولىدىكى زادى نېمە سومكا؟ ئۇ كېچىچە بىرەر ئورۇنغا ئوغۇرلۇققا چۈشكەن بولمىسۇن - يەنە؟ ئۇنداق بولمىغاندا نېمىشقا سومكىنى ھارۋىدىن ئېلىپلا، ئالدىراپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ؟ ھىم ... بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار...»

باشقىلارنىڭ ئىشىدىن دائىم قوسۇر تېپىپ ھەسەت قىلىپلا يۈرىدىغان بۇ ئادەم تولاراق توختى بىلەن چىقىشالمايتتى بۇ ئىلگىرى ئۇلارغا جايلىق يەر تەقسىم قىلغاندا ئىككى قورۇنىڭ پاسىلى توغۇرلۇق كېلىپ چىققان ماجىرا تۈپەيلىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئەخەت يوقلا بىر باھانە - سەۋەبلەر بىلەن توختىنىڭ جېنىغا تېگەتتى. بىردەم:«ئىشىكىڭنى مەھكەم باغلىماپسەن. پاسىل تامدىن بېشىنى سوزۇپ كۆچەتلىرىمنى غاجىۋەتتى»دېسە، بىر كۈنى قوپۇپ: «سەن گاداي، ھاجەتخاناڭنى نېرى ياسىماي ھويلامنى سېسىتىۋەتتىڭ»دەپ جېدەل چىقىراتتى. بۇنداق چاغلاردا توختىمۇ بوش كەلمەيتتى: «ھۇ، قىزىل كۆز پىقسىق، دەيتتى ئۇ گۆرەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ، -مەن گاداي بولسام سەن پىقسىقىڭمۇ يەپ - ئىچىپ كېتىۋاتقىنى چاغلىقىڭ. خەق گۆش يېسە ھەسەت قىلىپ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدىغان قىزىل كۆز سەنغۇ؟!»

بەزىدە ئۇلار ئاچچىقىغا پايلىماي، پاسىل تامدىن ئاتلاپ،ئۆتۈشۈپ ۋالاق - ۋۇلۇق مۇشتلىشىپ كېتەتتى. قوشنىلار كىرىپ ئاجرىتىۋالغاندىن كېيىنلا ئۇلار بىر - بىرىنى ئەڭ ئەشەددى گەپلەر بىلەن تىللىغىنىچە ئۆيلىرىگەكىرىپ كېتىشەتتى.

ئالدىنقى يىلى توختى بىر پارچە يېرىنى سېتىپ ئېشەك ھارۋىسى ئېلىۋىدى، ئەخەت بۇنىمۇ كۆرەلمىدى. «بۇ گاداي، بارى - يوقى كىچىككىنە يېرىنىڭ يېرىمىنى سېتىپ تېخىمۇ گادايلىشىپ كېتىدىغان بولدى»دەپ گەپ توشۇپ يۈردى. ئەمەلىيەتتە توختىغىمۇ ئامال يوق ئىدى. دۆي ھۆددىگە بەرگەن ئىككى مو يەر گەقاراپ تۇرغان بىلەن ئىش پۈتمەيتتى. بىر جان دېگەن بىلەن يەرگە چاچىدىغان ئوغۇت بولمىغاندىكىن، چىققان ھوسۇل توختىغا ئارانلا بىر يىل يېتەتتى - دە، كېيىنى يەنە تىرىدىن ئاشمايتتى. ياشلىقنى كەيىپ ساپا بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ ئادەم، ئەمدىلىكتە بىر ئاز تىرىكچىلىك قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. دۆي كادىرلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە نەچچە رەت كىرىپ سۆھبەتلەشتى، نەسىھەت قىلدى.

توختى ئويلىنىپ قالدى، راست ئەمەسمۇ، بۇ يەرگە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ جايلىق سالغانلارنىڭ بېيىپ كەتكىنىگە نېكەم. ئۇلارنىڭ ئالدى «پوت - پوت» دېگەننى غارقىرتىپ مىنىپ، ئۇياق - بۇياققا چېپىپ ئوقەت قىلىۋاتىدۇ. يوق دېگەنلىرىنىڭمۇ ئۆيىدە ۋېلىسىپىت، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ ...توختىچۇ؟ ئۇ ئۆزىپىتى تۇرۇپتۇ.شۇنداق كېتىۋەرسە قوشنا - قولۇملارنىڭ ئالدىدىمۇ سەتتە. باشقىلاردىن ئۇنىڭ نەرى كەم؟ ئۇلارنىڭ قوللىرىنىڭ پەنجى بەش بولسا توختىنىڭمۇ ھەم شۇنداق. ئازراق ئىش - ئوقەت قىلىپ بېشىنى ئوڭشىۋالمىسا، ياخشى كۈننىڭ يامنى كېلىپ ئالغىرىپ يېتىپ قالسا ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ يەيدىغان رىسقى تۈگەپ خۇدا ئامانىتىنى ئالسا، تاۋۇتى ئالدىدا كىم يىغلاپ ماڭىدۇ؟ چىرىقىنى كىم ياندۇرىدۇ؟ ئۇ كۈنلىرىنىڭ تولىسىنى كەيىپ - ساپا بىلەن ئۆتكۈ-

زۇپتۇ. ئەمدى ئاستا توغرا يولغا ماڭماقچى بولىۋاتىدۇ. خۇش، ئەمسە نېمە قىلىش كېرەك.شەھەرگە كىرىپ ئۇقەت قىلسا قاملاشتۇرالمايدۇ. ئېخى ئۇنىڭغا سالغۇدەك دەسمايىنى نەدىن تاپىدۇ؟ ھەي...

توختىنىڭ بېشى تازىمۇ قېتىپ تۇرغان كۈنلەردە، ياقا يۇرتلۇق بىر كىشى ساتىدىغان جايلىق يەر سۇرۇشتۇرۇپ مەھەللىگە كەلدى. توختىنىڭ كۆڭلى «پاللىدە»يورۇپ كەتتى. توغرا، ئۇنىڭ ھويلىسى خېلىلا كەڭ. يېرىمىنى ساتسا قالغىنى ئۆزىگە يېتىپ ئاشامدۇ؟!

شۇنداق قىلىپ ئۇ ھويلىسىنىڭ يېرىمىنى ھېلقى كىشىگە ساتتى. ئاندىن مەھەللىدىكى بىرىنىڭ ئېشەك ھارۋىسىنى سېتىۋېلىپ، شەھەرگە كىرىپ كىراكەشلىك قىلىشقا باشلىدى.

لېكىن، ئۇ كونا ئادىتىنى تولۇق تاشلاپ كېتەلمىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا ھاراق خۇمارى تۇتاتتى - دە، قاۋاقخانىغا چاپاتتى. يېرىم جىڭ ھاراقنى سۇ ئىچكەندەك غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى سۇرتىۋېتىپ، قاۋاقتىن كۆزى قىيىمغان ھالداقايتىپ چىقاتتى. كونا ئۇلپەتلىرى ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا، ھارۋىسىنى بىر چەتكە توختىتىپ قويۇپ قاۋاقخانىغا كىرەتتى -دە، كىراكەشلىك قىلىپ تاپقان ئازغىنە پۇلنى مەرتلىك بىلەن ئۇلارغا خەجلەپ بېرىپ «ۋادەرىخا»نى تۇۋلىغان پېتى ئۆيگە قايتىپ چىقاتتى. توختىنىڭ ھەر كۈنى كۆز باغلىنىشى بىلەنلا ناخشىسىنى تۇۋلىغان پېتى ھويلىغاكىرىپ كېلىشى ئەخەتنىڭ جېنىغا تېگەتتى.

يىتۈلىنى ئۈزۈلۈپ ئۆلگۈر گاداي، - دەپ غۇدۇڭشۇيتتى ئۇ، - بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ھاراق ئىچىپ ئۆلسەنغۇ،ئاخىر...

× × ×

ئەخەت ئورنىدا قىمىلداپ ئولتۇرالماي، ئاخىرى تۇرۇپ كەتتى. بايىقى قارا سومكا خۇددى ئىچىنى قۇرت يېگەندەك بىئارام قىلاتتى. ئۇ ئاستا سىرتقا چىقتى، پاسىل تامدىن بويۇنداپ توختىنىڭ ھويلىسىغا سەپ سالدى. ھويلىدا ئېشەك ھارۋا كۆرۈنمەيتتى. دېمەك توختى ئۆيدە يوق. ئەجابا، ئۇ شۇنچە تېز كېلىپ يەنە شۇنچە تېز غايىپ بوپتا؟ چوقۇم بىر سىر بار!

دەل شۇ چاغدا مەھەللىنىڭ دوقمۇش - دۇقمۇشلىرىغا ئورنىتىلغان قاپاق لاباللار ئۇنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى ئاغرىتىپ جاراڭلىق مۇزىكا باشلىۋەتتى.

— ھۇ، ئاناڭنى... - غۇدۇڭشىدى ئەخەت. - ئادەمگە پەقەتلا ئاراملىق بەرمەيدۇ - دە. نەدىن بېكىتتى بۇ زۇۋانى تۇتۇلمايدىغان كانايلارنى! - خۇددى ئەخەتنىڭ ئاچچىقىدىن قورققاندەك، ھايال ئۆتمەيلا مۇزىكا توختىدى.ئارقىدىنلا يېزا باشلىقىنىڭ ھەممىگە تونۇش ئاۋازى لاباردىن ياڭرىدى.

— يولداشلار، دىققەت! بۈگۈن ئەتىگەن يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ دورا ئامبىرى خىزمەتچىسى تۇرسۇن، كېرەكلىك دورا سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كېتىۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن 35 مىڭ سوم نەق پۇل ۋەبىر قانچە دورا تالونىنى چۈشۈرۈپ قويغان. ئۇ موتوسىكلىت مىنگەن بولۇپ، پۇلنىڭ يېزىمىز تەۋەسىدە چۈشۈپ قالغانلىقى ئېنىق. كۆپ ئىزدىگەن بولساقمۇ تاپالمىدۇق. پۇل بىر قارا سومكىدا. پەرىزىمىزچە ئۇ ئاللىقاچان بىرسى تەرىپىدىن بايقالغان. تېپىۋالغۇچىلارنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى سورايمىز. تاپشۇرۇپ بەرگۈچىگە مىڭ سوم پۇل مۇكاپات سۇپىتىدە تەقدىم قىلىنىدۇ...

كېيىنكى سۆزلەر ئەخەتنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ بايىقى گۇمانى ئەمدى يېشىلگەنىدى. «ھىم، پۇل قوشنامدىكەن ئەمەسمۇ»ئەخەت جىددىي ئويلىنىپ قالدى. دەرھال يېزىلىق ھۆكۈمەتكە خەۋەر قىلىش كېرەكمۇ؟ شۇنداق قىلسا توختىنىڭ ئىناۋىتى بىراقلا چۈشىدۇ، ئەخەت كىشىلەر تەرىپىدىن ماختىلىدۇ.بىراق ئۇ ئۇنچىلا ھاماقەت ئەمەس. ھازىر مۇھىمى ماختاشقا ئىگە بولۇش ئەمەس، 35 مىڭ سوم پۇلغا ئىگە بولۇش...

ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا ئاچ بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك چاقناپ كەتتى.

× × ×

توختىنىڭ ھارۋىسى تۈن نىسپى بولغاندا مەھەللىدە پەيدا بولدى. ئۇ ھارۋىدا سوزۇلۇپ ياتقىنىچە ئەلەڭ - سەلەڭ ناخشا تۇۋلايتتى.

قاپقارا قوي كۆزلىكىم،
جانىم پىدا بولسۇن ساڭا.
جىنىدىن كەچكە يىگىتلەر،
ئاشىنا بولسۇن ساڭا...

غەرق مەست بولغان توختىنىڭ ناخشىسىغا مەھەللىدىكى ئىتلار ئەنسىز قاۋاپ تەڭكەش بولدى. ئۇ ئىشىكىنى ھويلىغا ئەكىرىپ، هارۋىدىن چىقىرىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ قولاشمىغان قوللىرى بىلەن ئېلېكتر چىقىرىنىڭ يىپىنى ئاران تاپتى. پاللىدە قىلغان نۇر بىلەن چېقىلغان كۆزلىرىنى ئەستە ئاچقان توختى بىردىنلا ئەندىكىپ كەتتى. چۈنكى ئۆي ئىچى ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتكەن. ئورۇن - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلەر قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى.

ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر ۋەھىمىنى سەزدى، يۈرىكى توك تەپكەندەك جىغىلدىدى. ئاندىن دەلدەڭشىگەن پېتى ئىرىپ ئوچاقتىكى قازاننى يۆلۈپ ئالدى، ئالدىيۇ قازاننىڭ قولىدىن قانداق چۈشۈپ كەتكىنىنى سەزمىدى.

— تۇۋا، سومكا، پۇل نەگە يوقالدى، بۇنى مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتىغۇ، مەن چۈش كۆرۈۋاتمىغاندىمەن؟

توختى چۈش كۆرمىگەن، كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىش ئەمەلىيەت، قورقۇنۇچلۇق ئەمەلىيەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆزۈلدى، پۇت - قوللىرى دىرىلدەپ تىترىدى. كاللىسىدىن پۇلنى ئوغۇرلاپ چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزدى. بىراق ئۇنى ئادەم تۇگۇل ئىنسى - جىنمۇ كۆرىگەن ئىدىغۇ؟...

يىرىك ساقاللىرىنى سىلىغىنىچە تۇرۇپ قالغان توختىنىڭ خىيالى ئەخەتكە كەلگەندە چىپپىدە توختىدى. توغرا، ئۇنىڭ سومكىنى ئەكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەقەت شۇ ئەخەتلا كۆرۈشى مۇمكىن. چۈنكى پاسىل تام بەكمۇ پاكار بولغاچقا توختى ئۇنىڭغا ئېنىق كۆرۈنىدۇ، ئەمەسمۇ؟ ھەي، ئىست، ئۇ نېمىشقىمۇ دىققەتسىزلىك قىلغاندۇ، ئەمدى «پۇلۇمنى سەن ئوغۇرلاپسەن» دەپ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگۈلۈكمۇ؟ پۇلغۇ ھەر ئىككىسىگە تەئەللۇق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇن - تىن چىقارماي پۇلنى خەجلەپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟

توختىنىڭ يۈرىكى غەزەپ ۋە خورلۇقتىن ئۆرتۈنۈپ كەتتى، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىچكەن هاراقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، كۆزلىرىگە قان تولدى.

— ھۇ، قىزىل كۆز! ماڭا كەلگەن ئامەتنى تارتىۋالماقچىمۇ سەن؟ جاھاندا ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! - ئۇ ئەسەبىيلەشكەن پېتى ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى - دە، پاسىل تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ۋارقىرىغىنىچە ئەخەتنىڭ ئىشىكىنى تېپىشكە باشلىدى.

— ئەخەت، ھۇ قىزىل كۆز ئوغرى! چىق بۇياققا! ياخشىلىقچە پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەر. بولمىسا تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن!

ھايال ئۆتمەي ئۆي چىرىقى ياندى، مايكىچان ھەلەتتىكى ئەخەت ئىشىكتىن بېشىنى چىقاردى.

— نېمە دەيسەن، بۇ تەڭ كېچىدە؟

— تېز، پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەر!

— پۇل، قايسى پۇلنى، مەن ساڭا قەرزدارما؟

بۇ گەپ ئاچچىقتىن چىڭقىلىپ ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالغان توختىنىڭ جېنىغا تەگدى - دە، ئەخەتنىڭ كانىيىدىنلا ئالدى. تەييارلىقسىز تۇرغان ئەخەت ئۆزىنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرمەيلا توختى ئاتقان كاللىنىڭ تەسىرىدىن ئوڭدىسىغا — ئۆيدىكى سۇپا ئۈستىگە ئۈچۈپ چۈشتى. سۇپا ئۈستىدە قوچاقلاشما مۇشتلىشىش باشلاندى. توختى ئەخەتنىڭ قورسىقىغا مىنىۋېلىپ يۈز - كۆزلىرىگە، قولاقلىرىغا، بىقىنلىرىغا ئالا قويماي مۇشلايتتى. بۇرنىدىن شورۇلداپ قان ئېقىۋاتقان ئەخەت بوغۇزلىنىۋاتقان قويدەك تىپىرلاپ ئۇنىڭ ئاستىدىن چىقىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. مەسىلىكتىن تەلۋىلىكى چېكىگە يەتكەن توختى قوش مۇشتىنى تېخىمۇ بەك ئىشقا سالماقتا ئىدى.

خېلىدىن بېرى ئىشتانسىز بولغىنى ئۈچۈن يوتقاندىن چىقالمىغان ئەخەتنىڭ ئايالى، توختى ئېرىنىڭ گېلىنى ئامبۇردەك قىسىۋالغاندىلا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، كۆسىرىنى قايەردىندۇر تېپىپ كېيىۋالدى، ئاندىن ئېتىلىپ بارغىنىچە دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان سەي قىڭغىرىقىنى قولىغا ئالدى. ئەخەتنىڭ ھالسىزلىنىپ چوشقىدەك قىرقىرىشى ئايالىنى ئالدىرىتىپ قويدى. ئۇ ھېلىغىچە بار كۈچىنى قوللىرىغا يىغىپ، ئەخەتنىڭ كېلىنى بوغۇۋاتقان توختىنىڭ ئارقا مېڭىسىنى چەنلەپ قىڭراقنى ئىگىز كۆتۈردى.

توختى، قىڭراق ئىككىنچى قېتىم تەگكەندىلا ئەخەتنى قويۇۋەتتى - دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كاللىسىنى چاڭگاللىدى. ئەخەت خىرقىراپ ياتاتتى. توختىنىڭ كاللىسىدىكى، قوللىرىدىكى، ئەخەتنىڭ ئايالى قوش قوللاپ تۇتىۋالغان قىڭراق بىسىدىكى قىپقىزىل قان ئېلىپكتىر چىرىقىنىڭ يورۇقىدا پار - پۇر قىلىپ پارقىرايتتى. توختىنىڭ پېشانىسى ئارقىلىق ئېقىپ چۈشكەن قان، ئىككى كۆزىگە كىرىشكە باشلىدى. قىپقىزىل قان بىر تامچە، ئىككى تامچىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئېقىۋاتامدۇ ياكى مۇنۇ ئۆي قانغا تولىۋاتامدۇ، بۇنى توختى بىلمەيتتى.

توختى كۆزلىرىنى ئېچىشقا ئامالسىز قالغاندىلا، ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن غەزەپتىن دىرىلدەپ تىترەپ تۇرغان ئايالنىڭ قولىدىن قىڭراقنى يۇلۇپ ئالدى. قىپقىزىل قانغا بويۇلۇپ كەتكەن قىڭراق ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان ئەخەتنىڭ باش - كۆزلىرىدە، بويۇنلىرىدا قالايمىقان ئويناشقا باشلىدى...

× × ×

ئەخەتنىڭ ئايالى مىڭ ناله بىلەن ئېچىنىشلىق ئۆلۈم ھازىسى ئېچىۋاتقاندا شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ جىددى بۆلۈمىدە باش - كۆزى ئاپئاق داكا بىلەن تېڭىۋېتىلگەن بىر بىمار، ئۈچ كۈندىن بېرى ھوشسىز ياتاتتى.

ئاسما ئوكۇل جازىسىدىكى قان سۇيۇقلۇقى بىر خىل رىتىمدە تامچىلىماقتا ئىدى. مېڭىسى چانىۋېتىلگەن بۇ بىمجاندىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە دوختۇرلار ھاياتىدىن ئۈمىد يوقاۋقىنى ئېيتتى. لېكىن ئۇنىڭ بارلىق داۋالىنىش خىراجىتىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالغاچقا، كۆپ مىقداردىكى قان سۇيۇقلۇقى ئوگايلا ھازىرلاندى. نەتىجىدە ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن بۇ بىمجان بۈگۈن ئاستا - ئاستا قىمىرلاشقا باشلىدى. ئۇ ئاغزىنى مىڭ تەستە گەپكە ئۆمەللەپ، ھېچكىم چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلىمەكتە ئىدى:

— پۇل، پۇل مېنىڭ... ھۇ قىزىل كۆز... ئالدامچى... پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەر... سەن، سەن... ماڭا كەلگەن ئامەتنى... تارتىۋالدىڭ... ھۇ، قىزىل كۆز... ئوغرى!

مەسئۇل مۇھەررىر: شاكىرجان ئېلاجى

# شېئىرلار

## پەرھات جامال

### يانۋار تۈنى

كونا ھەمدە يېڭى ئەسلىمە،
تونۇش ھەمدە ناتونۇش دوقمۇش.
پەرۋازىنى يۇتتۇرۇپ قويۇپ،
ئىنەپ يۈرەر بۇندا مىسكىن قۇش.

ستولبىنىڭ ئۇستىدە غۇۋا
يورۇپ تۇرار لامپۇچكا نۇرى.
ستولبىدەك ئۇزۇن سوزۇلۇپ،
جىمجىت تۇرغان كىمنىڭ سايىسى؟

يانۋار تۈنى ئۇچقۇندايدۇ قار،
جەنۇپ ياقتا تۈنەيدۇ باھار.
شادلىقنى ئۇزۇنتۇپ قويۇپ،
كىم بۇ يەردە بولۇپ يۈرگەن خار؟

سەن مۇساپىر ئەمەسسەن، لېكىن،
قايتالمايسەن ئۆيۈڭگە دادىل.
ئىشىكىڭنى ئېچىپ چىققىنى
تونۇش چىراي،
تونۇشمايدۇ دىل.

بۇنداق ئەمەس ئىدى كۈتكىنىڭ،
كۈتتۈۋالدى سېنى بۇ ئازاپ.
ياتلار سېنى ياتلىسا مەيلى،
چېلىپ بەردى سۆيگىنىڭمۇ داپ.

كىرپىكىڭگە قونغان ئاپئاق قار،
سىرغىپ چۈشتى مەڭزىڭنى بويلاپ.
تونۇگۇنلا مۇشۇ كوچىدىن،
ئۆتكەن ئىدى دوستلىرىڭ تويلاپ.

ئۆكسۈ پ - ئۆكسۈپ يىغلىغىڭ كېلەر،
يول قويمايدۇ ئەرلىك غورۇرۇڭ.
ئىسلار تۇتەپ چىقار ھەر ياندىن،
كۆرۈنمەيدۇ سېنىڭ تۇرخۇنۇڭ.

شادلىق ئۇچۇن تۇغۇلۇپ، بۇگۇن
ھەسرەت يۇتۇپ تۇرمىقىڭ نىچۇن؟!
يەكلىسىمۇ ھايات بىر قېتىم،
يەكلىمەيدۇ مۇھەببەت پۈتۈن.

ئاپئاق قارغا پۈركۈنۇپ زېمىن،
ئېھ ياتىدۇ شۇنچىلىك ۋەزمىن.
زېمىن تۇغقان ئەرلىكلا پەقەت
بېرەلەيدۇ ئۆزىگە تەسكىن.

ئالا - تاغىل تووۋلاپ ئۆتكەن مەست،
تويۇلىدۇ ساڭا بەختلىك.
ئۆز قەدىرىنى بىلگەنلەر ئۇچۇن،
تۇغۇپ بېرەر ھايات ئەزىزلىك.

### بىتلىي قىزچاق

ئۆز قەلبىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ،
ساتالمىغان بىتەلەي قىزچاق،
سەلكىنلەرگە ئەگىشىپ يۈرگەن،
يامغۇرى يوق ئاپئاق بۇلۇتسەن.
چوققىلاردىن ھالقىيسەن، ئاخىر
ۋە ھەممىنى
ئۇنتۇپ كېتىسەن!
ھېچگەپ ئەمەس!

قالسىلابولدى،
دىل قېتىدا بىر قەتىرىلا دەرت،
چۈنكى هايات تونار ئىككىنى،
بىرى نەپرەت،
بىرى مۇھەببەت!

### هايات دېگەن شۇندۇر ئېھتىمال

بوسۇغامنىڭ ئالدىدا رەتسىز،
كېچە ياغقان قارنىڭ ئۈستىدە
چۈشۈپ قاپتۇ ئاياق ئىزلىرى،
(قانداق كەلگەن، قانداق كەتتى ئۇ،
نىملەرگە باغلاپ ھېسسىنى؟)
بەلكىم كەلگەن دوستلىرىم چىللاپ،
كېچىدىكى ئىچىشۋازلىققا،
ئىگىشىغانچە سۈرۈپ خۇش كەيپ،
لېكىن كىلىپ ئىشىك ئالدىغا،
چۈشلىرىمنى بۇزماسلىق ئۈچۈن،
كېتىپ قالغان
ئۆز - ئۆزىگە قويغانچە ئەيىپ،
بەلكىم كەلگەن رەقىبىم مېنىڭ،
قوللىرىدا يالتىراپ شەمشەر،
لەۋلىرىمدە كۆرۈپ تەبەسسۇم،
كۆتۈرەلمەي قولنى مەزمۇت،
كېتىپ قالغان يولىغا سەھەر،
بەلكىم...
مەيلى كىم ئۇ، دوستمۇ - رەقىبمۇ،
قۇش ئەمەستۇر، بەرىبىر ئىنسان،
قانداق كەلسۇن، قانداق كەتمىسۇن،
مەۋجۇدلىقىم شۇنىڭدىن ئايان،
هايات دېگەن شۇدۇر ئېھتىمال،
بو سۇغامغا قەدەم بېسىلغان!

### تىترەڭگۈ قولۇڭدا بىر قەدەھ شاراب

يىغلا ئۈنسىز،
يىغلىۋال يىگىرمە سەككىزدە،
بالاڭ سەككىزگە كىرگىچە
كۆرمىسۇن رەپىقەڭ،
كۆرمىسۇن ئوغلۇڭ،
ئەمما كۆرسە بولىدۇ قىزىڭ،
بەلكىم، قولىغا ئېلىپ دەسمالنى،
سۈرتۈپقويار يېشىڭنى،
ھەي، مېنىڭ يىگىرمە سەككىز يېشىم،
تۈنگە ئېيتقىن كۆرگەن چۈشۈڭنى،
ئۇ ئېيتمايدۇ ياتقا سىرىڭنى،
تىترەڭگۈ قولۇڭدا بىر قەدەھ شاراب،
ئىچسەڭ ئىچكەندەك بىر شېشە ئازاب،
لەۋلەردىن تىترەڭگۈ شاراب تامچىسى
تىزلىرىڭ ئۈستىگە چۈشەر تامچىلاپ...
دۇنيا،
كۆرۈنىدۇ چېكىتتەك،
مەۋھۇم خىيالدەك،
دۇنيا كىم؟
سەن دۇنيا ئەمەس،
بولالمىدىڭ سەن دۇنيا،
باسالماستىن تاپىسىغا قەدەم،
تېگىرقايسەن ئىشىك ئالدىدا،
ئەجەپلەنمە،
يۇتتۇرگەنمىز تاللاشنى باشتا،
ئۈزۈلگەن كىندىكنىڭ بىر پارچىسى،
لەيلەپ يۈرەر يېنىمىزدىلا،
بىز ئازاب ئىچكەندە شېشىلەپ بەلكى،
بەختىمىز قالغاندۇر تامچىدا ياكى،
بىلمەسمىز بەختىنىڭ مەنىسىنى ھەم
ئازاب ۋە ھەسرەتكە قانغۇچە تاكى...

### كىمدىن ئۆتتى سەۋەنلىك، بولۇپ قالسۇن تېپىشماق

ئاسان ئەمەس قوشۇلماق، ئايرىلماقمۇ تەس ئەمەس،
تۇخۇم باسقان ئۇۋۇنى تاشلاپ چىققان قۇش سىياق،
ئەمما دىلدا مۇڭ قالار، قەلبلەردە جاراھەت،
ئايلار ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ ئۇنتۇلىدۇ دەرت - پىراق،

ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكلەر سويلاپ چىقار قوللاردىن،
قاقشال شاخقا ئايلىنار نۇر تاراتقان بارماقلار.
شېرىن - ئاچچىق ئەسلىمە تېرىتۇپلىپ يوللاردىن،
بىزگە يەمچۈك تاشلايدۇ ھېسلار تۇغۇپ قارماقلار.

پىنھانغىنە ئۆي ئىچرە ۋاراقلايمىز ئەلبۇمنى،
دۆۋە - دۆۋە كۆللەرگە ئايلىنىدۇ كەچمىشلەر.
چەكسىز كەتكەن بىر بوشلۇق يۇتۇپ بارار قەلبىڭنى،
سىڭىپ كېتەر تۇپراققا كۆزدىن ئاققان چەشمىلەر.

بۇ ئايرىلىش ئېيپ كېلەر بەلكىم ماڭا جۇدالىق،
شۇۋاق باسقان جەزىرە بولۇپ قالار روھىيات،
ناھەت، قەلبىم شۇندىمۇ پەيلىرى بار جۇلالىق،
بوز تورغايغا ئايلىنىپ سايراپ بۇزار سۈكۈنات.

گۇگۇم كېلەر ئاستىلاپ، خەۋەر يوقتۇر قەمەردىن،
يورۇتالماس ئۆتمۈشنى مەيلى ياقاي مىڭ چىراق.
مۇھتاج ئەمەس ئىزاھقا بۇ ھاياتلىق ئەزەلدىن،
كىمدىن ئۆتتى سەۋەنلىك بولۇپ قالسۇن تېپىشماق.

## روھىمغا ئىپسىقلىق كۆمۈش قوڭغىراق

سەردار مەسۇم

### سەن ئەسلىدىن بىغۇبار ئايتاپ

قۇياش ساغۇچ نۇرلىرى بىلەن
ئالدىغاندا قەدەملىرىمنى،
تىلىكىمگە بولۇپ سەن ھەمدەم،
تومۇرۇمدىن باشلىدىڭ قەدەم.

سەن ئەمەسسەن تاڭدىكى شەبنەم،
سەن يۈرەككە يېپىلغان مانان.
سەن ئەمەسسەن قۇملۇقتىكى سىر،
سەن يۈرەككەتامچىۋاتقان قان.

بۆلەنمەكتە تېرەكلەر شۇ تاپ،
شەبنەملەرنىڭ جۇلالىرىغا.
سەن ئەسلىدىن بىغۇبار ئايتاپ،
ھارارەت بەر ئەتىكى ماڭا...

### ئايال، قوڭغىراق، مەن

يىراق دېڭىزلارنىڭ ساھىللىرىدىن،
مەن تامان قول سوزۇپ يول ئالغان ئايال،

گۈزەلسەن ئەڭ شېرىن ھىجرانلىرىمدەك.

بار سېنىڭ زېمىندا قوڭغۇراقلىرىڭ...
مەن ھېسسىز ياتقاندا تۇشكىمدە جىم،
ئېرىنمەي ھەر سەھەر كېلىپ بۇ تامان
پىلىكتەك ئاق، يۇمشاق قوللىرىڭ بىلەن
چالسەن سەن ئۇنى مېنىڭ ئۇچۇنلا،
كۈيلەردە سۆزلىنەر:«سەن بولغىن ئامان!»

روھىمغا ئىپسىقلىق كۆمۈش قوڭغىراق،
بىلمەيمەن قاچاندىن ھەمراھ ئۇ ماڭا.
ئۇ دەسلەپ جىرىڭلاپ قويغان سائەتتىن—
تا سېنىڭ ئۆيۈڭگە بارغانغا قەدەر،
غەپلەتلەر سۇلتانلىق قىلالماي ماڭا.
ئاقىۋەت يىقىلدى ئاياغلىرىمغا...

### يوللار مېنى يېتەكتە ئاستا

يېپىلماقتا ئۇرمىنىمدا كەچ،
دەريا ئاقار كۈيسىز لۆمۈلدەپ.
ھەممە ياقتىن كېتىپ بارار كۈن،
قۇشلار قويارنېمىدۇر سۆزلەپ.

ھېسلىرىمنى تارتىپ مەجبۇر ەن،
كەلمەكتىدۇر تەمتىرەپ روھىم
تىرىكلىكىم كېلىدۇ ھارغىن،
شۇدۇر مېنىڭ بۇندىكى پەخرىم.

كۆلگە ئوخشاپ قايتىمەن دېسەم،
گاھى چوغمەن يېلىنجاپ تۇرغان.
لېكىن بىر كىم ئىستىماس بۇندا،
ھەمدە يوقتۇر زارلاپ تاش ئاتقان.

بارماقتىمەن مۇشۇ سۈپەتتە،
يوللار مېنى يېمەكتە ئاستا.
ئۈمىدىم شۇ، بولسا گەر پۇرسەت،
بىرلا قايتسام باللىقىمغا!

## دىل ـ ئۆيۈمدە قالدى بىر يۇلتۇز

مەن بىۋاقىت كەتسەم كۆز يۇمۇپ،
سەن بىھۇدە چەكمىگىن ئازاب.
دىل ـ ئۆيۈگدە بىر يۇلتۇز قالار،
سەن شۇنىلا قويغىن قۇچاقلاپ.

يوقلاپ يۈرمە مېنى ھەم يەنە،
كۆزلىرىڭدىن ياش تۆكمە زىنھار.
گاھى كېلىپ قالسام يادىڭغا،
دەسلەپتىكى نىگاھىمنى بىلەن،
مەغرۇرلۇقنى قىلغۇەر ئىزھار.

ئەگەر تارتىپ قالساڭ يالغۇزلۇق،
تەكچەمگە بىر تەشتەك قويۇقلۇق.
لېكىن ئۇندا يوق بىرەر گىياھ
بىراق تەشتەكتىكى ئاشۇ تۇپراقتا
رۇخسارىم بار غۇۋا، قايغۇلۇق.
سەن شۇنىڭغا قويغىن بىر قاراپ
لېكىن زىنھار چەكمىگىن ئازاپ...

## تاشلاپ كەتكىن...


تاشلاپ كەتكىن مېنى ھاڭلارغا،
كۆرۈن ئەمما خىياللار سىمان.
لېكىن ئاڭا قالسام يېقىنلاپ،
تاشلاپ كەتكىن مېنى سەن يەنە،
ئىبە ۋاپاسىز گۈزەللەر سىمان.

بىز ئۆتەيلى پەقەت ئاشۇنداق،
كۆرۈشمەيلى پەقەتلا ـ پەقەت.
مەن ئىنتىلەي، سەن قويغىن ئالداپ
ئەگەر يەنە قالسام يېقىنلاپ،
تاشلاپ كەتكىن مېنى قايتىلاپ...

## چۈشنى سۆزلەر شەھلا كۆزلىرىڭ

كۆرۈپتىمەن دېيسەن كېچە چۈش،
سوئال تۇغار يەنە سۆزلىرىڭ.
تەبىرىنى بىلمەيدۇ دەمسەن،
سۆزلەپ تۇرسا شەھلا كۆزلىرىڭ.

قاراپ باقسام قەلبىمگە مەنمۇ،
رەڭداش ئىكەن بىزنىڭ چۈشىمىز.
كەل يېشەيلى ئۇنى بىرلىكتە،
سىر پېتىچە قالمىسۇن ھەرگىز!





# كۆز

(پوۋېست)

غەيرەت ئاسىم

كۆز ئەرلەر ئۈچۈن كېلەمدۈياكى ئاياللار ئۈ-
چۈنمۇ؟ ئەگەر ئاياللار ئەرلەرنىڭ ھەر بىر تومۇرلىرىنى
رازى قىلمىز. قاندۇرىمىز دەپ ياشىسا، ئۇنداقتا ئەرلەر-
نىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدىكى ھەقىقىي مەقسەت
نېمە؟ ئەرلەرنىڭ ئاجىزلىقى. شان - شەرىپى، ياۋايى
ھايۋانلارغا ئوخشايدىغان قىلمىشلىرى قانداق ۋاقىت،
قانداق شارائىت ئاستىدا نورمال ۋە ھەقىقىي شەرەپ دەپ
ئاتىلىدۇ؟

ئوتتۇز نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ تىنچ
كېچىدە، مەڭگۈ ئۇنتۇتقىلى بولمايدىغان ئاشۇئۆيدە،
سالامەت بۇندىن كېيىن شۇنداق ئىشلار ئۈستىدە ھەر-
گىزمۇ باش قاتۇرمايمەن. ئۆزەمنىڭ تىنچ تۇرمۇشۇمغا
قول قويۇپ، گىياھ ئۈنمەيدىغان چۆللەرگە گۈل تېرىپ
يۈرگەن كۆنلىرىمنى ئۇنتۇپ ئەرنىڭ قۇلى بولىمەن دەپ
قەسەم قىلغان ئىدى. لېكىن، جاھاننىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ -
پۇشقاقلىرىدىن نىشانسىز چىقىدىغان شامال، ئۇنىڭ
بۇنداق نەزەرىيىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا يول قويمىدى. ئې-
ــسقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن
كۆزنى كۆرەلمىدى، ئۆزى سۆرەتلىگەن كۆز ئۈچۈن
قان تۆكتىيۇ. ئۇنى كۆرەلمىدى. كۆز خۇدانىڭ ھەر بىر
پەرزەنتى ئۈچۈن ئېلىپ كېلىدىغان ھەم ئاشۇ پەررەنت-
لەرنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇقەددەس دېڭىز
سۈيىنىڭ يۇراقلىرىغا ئىگە بولالمىدى. قىپقىزىل كۆز
بويۇرماقلىرىنى كۆرۈشكىمۇ مۇيەسسەر بولالمىدى...

«ئاشۇ قىزىل بويۇرماقلار قايسى ماكاندا يىغلاپ
يۈرىدىغاندۇر؟ ھېلىقى بىر ئەسىر ياشىغان تېرەكنىڭ
شاخلىرى مېنى ئەسلىيەلەرمۇ؟ مېنىڭ تىنىقلىرىمدا
ئۆكۈلگەن غازاڭلار ئەۋلاد قالدۇرالىغانمىدۇر؟» ئاھ ئاشۇ
قىپقىزىل كۆز غازاڭلىرى، بويۇماقلىرى سالامەتنىڭ ئۇ-
لۇغ، ئاددىي ھەم پەرىشتىدەك تېنىنىڭ ئاستىدا،
يۈزلىرىدە، پېشانىسىدە، قوينىدا تۇرۇپ ئەسىردىن بېرى
يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا تەكرار ھېكايە قىلىپ
بېرەتتى. ئۆزىنىڭ يىلتىزلىرى بولغان شاخلارغا قونۇپ
قەدىمكى زاماننىڭ، جەننەتنىڭ، دوزاقنىڭ ھېكايىلىرىنى
ئېيتىپ بېرىدىغان پەسىل قۇشلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىنى
ئۇنىڭغائەك تاتلىق، ئەڭ گۈزەل تىللار ئارقىلىق
تەكرارلاپ بېرەتتى. ئاق كۆكۈل يىللاردا ئاققان قانلار-
نىڭ يەرگە سىڭمەي تۇرىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى
تەسۋىرلەپ بېرەتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭغا بىر تېپىلىق
پايدىسى بولمايدىغان ئەقىللەرنى كۆرسىتەتتى.

شۇنداقتىمۇ سالامەت ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سەمىمىلىك ھەر بىر ئىنساننىڭ مۇھەببەتكە ئېرىشىشى ھەم بەختلىك بولۇشىنىڭ ئاساسى شۇنداقلا ھەر بىر ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان كۆزنىڭمۇ ئاساسى دەپ تونۇيتتى. لېكىن ئۇ ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بۇنداق قاراشلاردا ھاياجانلىنىپ كەتمەيدىغان، تۇرمۇشقا، ئەتراپىغا گۇمانلىق قارايدىغان بولدى.

ئاشۇ قىپقىزىل كۆز يوپۇرماقلىرى قايسى ماكاندا مۇساپىر بولۇپ يۈرىدىغاندۇر؟ ئۇلار بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردىن ئورۇن ئالالماي، دالىلاردا تىترەپ يۈرەرمۇ؟ شۇنداق، ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يوپۇرماقلار تېپىلمىدى. راست، كائىنات پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن قازان قايناتمايدۇ. قان ئالمىشىۋاتقان بۇ دۇنيادا سالامەت ئەمدى قولدىن كەتكەن نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، دۇنيادا بۈگۈن ئادەمگە چوقۇنىدىغان ئادەم پەيدا بولغان بولسا، ئەتىسى ئىتقا چوقۇنىدىغان ئادەم پەيدا بولىۋاتىدۇ. سىزگە لازىملا بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقەت بولمايدۇ. بىز ئادەتتە سىزگە قاراڭغۇدا كۈندۈزنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەلىگەن نەرسىنى ھەقىقەت دەيمىز.

سالامەت گۈلخانىغا كىرىپ رەڭگا - رەڭ گۈللەرنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەر ئۇنىڭغا ھۇزۇر بەخش ئېتىش بىلەن بىرگە يەنە مۇنداق بىر ئەقلىنى ئاتا قىلدى: چىرايلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. - شۇنداق، - دېدى سالامەت ئىچىدە، - شۇڭا كىشىلەر تۆت كۈنلۈك ئالەمدىكى قىسقا ئۆمرىنى قەدىرلەپ ياشايدىكەن. مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر خىل پاكىز ۋە پاسكىنا ۋاسىتىلەرنى قوللىنىدىكەن. ئۇ يىراقلارغا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھاياتنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ئۆمرى جەننەتتە ياشىسىمۇ، دوزاقتا ئۆتكەندەك بىلىنىدىكەن. ئەمىسە سالامەتنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىل ئايرىلغان يۇرتىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىدىكى مەقسەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي جەننىتىگە ئىگە بولۇشمۇ؟ ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، بۇ جەننەتنىڭ دەرۋازىسى پۇشايمانغا تولغان بۇ جاھاننىڭ قايسى بۇلۇڭىدا؟

پەسىل قۇشلىرى ھېرىپ كەتتى بولغاي، ئەتراپ بىردىنلا جىمىپ كەتتى. ئەرلىرى، بالىلىرى، نەۋرىلىرى ۋە ئەتكەنچاي ئۈچۈن ياشايدىغان ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئازادە بولىدىغان ئالتۇن ۋاقتى ئىچىدە مەھەللىدىكى كونا جايىغا كېلىپ يىغىلىشتى.

— ھەي، خوتۇنلار، ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئەزىم قورۇ - جايىنى سېتىۋېتىپتۇ.

— ۋۇي، ئاجايىپ چاققان ئاۋاقكەنا، ئۇ.

— ئاڭلىسام بىر تۇل خوتۇنغا سېتىپتۇمىش.

— ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى سالامەتمىش، ئۈرۈمچىلىككەن.

— تېگىنى غۇلجىلىق دەيدۇ.

ئاياللار يەنە بىر غۇن چىرايلىق سۆزلەرنىمۇ، سەترەك گەپلەرنىمۇ ئويناتقان بولدى. خۇددى يىگىتلەر چىرايلىق قىزلارغا ئامراق بولغاندەك، كىشىلەرمۇ چىرايلىق گەپلەرگە ئامراق. لېكىن يامان گەپتىن قۇتۇلۇشمۇ تەس. خۇددى ياخشى قىزلار بەزىدە يامان بالىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانغا ئوخشاش.

— كائىناتنىڭ بىر بېشىدىن قان ئاققاندا، يەنە بىر بېشىدا قىنىغا پاتماي ياشايدىغان ئىنسانلار ناخشا - كۈلكىلىرىنى ياڭرىتىپ، كۆكسىدىن بېرىلىپ چىققان يۈرەكلىرىنى قۇياشقا داملىتىدۇ. تەبىئەتنىڭ مۇشۇنداق مەۋجۇد بولۇش شەكلىدىن قارىغاندا، پەقەت ئەخمەق، نادان كىشىلەرلا ئاق كۆڭۈللۈك يولىدا قان تۆكىدۇ. ئاق كۆڭۈل ئادەم ھەممە ئىش ئۆز يولىدا بولسۇن دەپ تىرىشىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قىلمىشلىرى، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قاراشلىرىنىڭ مېۋىسى بولالمايدۇ. ئالەم يورۇق بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ پەردە ئىچىدە ياشايدۇ! - دەيتتى سالامەت.

ئەزىم دادىسىدىن قالغان قورۇ - جايىنى سېتىۋەتتى. مەھەللىدىكى تىنچ تۇرمۇشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەر، چەت ئەلدە ئەزىمنىڭ روھى دۇنياسىنى ئەسىر قىلغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. پۇل بىلەن ئۆزىنىڭ پۇلدىنمۇ، ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك يېرىگە ئالتۇن يالتىرىدىغان دەۋردە، ئەزىم خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى يېتىلەپ، ئۆزگە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى

راست ـ يالغان كۆز ۋە يېرىمى راست، يېرىمى يالغان بەخت ئاتا قىلغان بۇ زېمىن بىلەن خوشلاشتى.

ــ زېمىندىن ئايرىلىش تەس ئەمەس. لېكىن كىشىلەر ئۆتكەن كۈنلەردىكى ئاپئاق بۇلۇتلارنى، يامغۇرلارنى، ئوتتەك يالقۇن قوللارنى، ئىلگىرىكى سۈيى يوق دەريادا ياشاۋاتقان بېلىقلارنى، قارا يۇلتۇز ئاستىدىكى قىزىل يۇلتۇزلارنى روھى دۇنياسىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. مانا بۇ كىشىلىك ھاياتتىكى ھەقىقىي پاجىئە ـ دېيتتى سالامەت.

بىر نەچچە كۆپكۆك ئاپتوموبىل گۈزەل مەھەللىدە پەيدا بولدى. كۈنبويى دەرۋازىسىنى ئاچمايدىغان ئاياللار دەرۋازىسىنى ئېچىپ تالاغا چىقتى. ئاپتوموبىللار سالامەت يېڭى ئالغان قورۇ ـ جاينىڭ ئالدىدا توختىدى، قاۋۇل ئىشلەمچىلەر ئاپتوموبىل ئۈستىدىكى يۇك ـ تاقىلارنى چۇشۇرۇشكە باشلىدى. لېكىن مەھەللىدىكىلەر سالامەتنىڭ كۆلەڭگۈسىنىمۇ كۆرمىدى.

ــ ئالدى بىلەن يۇك ـ تاقىلارنى ئاستا چۇشۇرۇڭلار، ئاندىن بىر ـ بىرلەپ ئۆيگە ئەكىرىڭلار. نەرسىلەرنى ئۆيگە رەتلەپ قويۇشتا مۇسانىڭ ئاغزىغا قاراڭلار!

مەھەللىدىكى سالامەتنى كۆرتىمىز دەپ كەلگەن ئاياللار، كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ مۇشۇ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق يېڭىلىققا ئىگە بولالمىدى.

پەسىل قۇشلىرى ئىشلەمچىلەرگە كۆز تۇغرىسىدا ئۇلار ھەرگىزمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى.

ــ بۇ تۇل خوتۇن تىنىپ كەتكەن بىر نېمە ئوخشايدۇ. مەن ئۆمرۈمدە بۇنچىلا كۆپ ئۆي جابدۇقىنى كۆرمىگەن. نېمە دېگەن زامانىۋى جابدۇقلار. ھە! تۇل جېنىغا نېمانچىلا قىلىدىغاندۇ؟

ــ شۇنى دەڭا. بىر جېنىغا نېمە قىلىدىكىنا بۇ بىر نېمىلەرنى!

ــ پۇلى بولغاندىن كېيىن چۇشىگە كىرگەن ئىشنىمۇ قىلىپ باقىدۇ ـ دە، ئەمدى!

ئاپتوموبىللار مەھەللىدىن غايىپ بولغاندا، دەرەخلەر ئارا ئايلىنىپ يۈرگەن شاماللار مۇشۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدى. ئەلۋەتتە بۇ سۆزلەرنى پۈتۈنلەي ئېنىق ئاڭلىغان ئادەم سالامەتنىڭ قوشنىسى ئەخەت بىلەن خاسىيەت ئىدى.

ــ يۈرىلە، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى. بۇ يەردە تالاتاتقۇچە قاراپ تۇرسىڭىزمۇ ھېلقى سالامەت دېگىنىڭىز ياپوندا ئىشلەنگەن ئىككى رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ بىرىنى سىزگە بەرمەيدۇ. ـ ئەخەتنىڭ ئايالى خاسىيەت گېپىنى داۋام قىلغاچ دەرۋازىسىنى ئاچتى.

ــ ئەجەپ كۆرۈنمەي كەتتا ئۇ خوتۇن!

ــ ئەر دېگەن تۇل خوتۇننىڭ دۈشمىنى، يەنە تۇل خوتۇننىڭ قولى، ـ دېدى خاسىيەت.

ــ بۈگۈنكى ئىشلاردىن قارىغاندا، بۇندىن كېيىن دۇنيا تۇل خوتۇنلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالامدۇ، قانداق؟

ــ يۈرۈڭ، ئەخەت، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى. بۇ يەردە يەنە بىر دەم تۇرساق ياشىسۇن تۇل خوتۇن، دەيدىغان ئوخشايسىز.

ــ تۇۋۇۋا. دېدى ئەخەت ئىچىدە ئايالىغا چاندۇرماي، ـ بۇ تۇل خوتۇننىڭ ئىسمىمۇ سالامەتكىنا!؟

سالامەت غەربىي دىيار ناخشا ـ تانسا مەركىزىدە مۇڭلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئەسىر بولۇپ كەتتى. 40 ياشلاردىن ئاشقان چىرايلىق بىر چوكان سالامەتنىڭ قېشىدىن ئورۇن ئالغان پەرىشتىدەك بىر قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ يەڭگە، ئاكامنىڭ قاقشاپ يۈرگەنلىرى راستكەندە؟! ـ قىز غەزەپلەندى.

ــ شۇنداق، ئەگەر سىز شۇ ئادەمنى كۆرمىگەن بولسىڭىز، مەن بۇ ئىشنى ھەرگىز ئىقرار قىلمىغان بولاتتىم. مۇھەببەتنىڭ چېكى يوق نەرسە. شۇنداقلا دەرۋازىسىمۇ يوق نەرسە. ئادەم تەبىئەتنىڭ قولى ئەمەس، مۇھەببەتنىڭ قولى. شۇڭا ئۇ ئەركىن ياشىشى كېرەك. چوكاندا قىلچىلىكمۇ ئوڭايسىزلىنىش كۆرۈنمەيتتى.

ــ يەڭگە، ئاكام سىزگە قىلچىلىك يامانلىق قىلمىغانغۇ!

ــ قىلچىلىك يامانلىق قىلمىغان ئادەم، قىلچىلىك ياخشىلىقمۇ قىلالمايدۇ. مەن بەك ياخشى ئادەملەرنى

ياخشى كۆرمەيمەن. ئۇلار ھەممىلا ئادەمنى ئۆزىمگە ئوخشاش ياشا دەپ مەجبۇرلايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا بەك ياخشى بولۇپ كەتكەن ئادەملەر ئاجىز ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، خانىم! — ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان سالامەت سۆز قىستۇردى.

— رەھمەت! — دېدى چوكان، — بىر ئەر ئالدى بىلەن كۈچلۈك بىر ئەر بولۇپ يېتىلىشى كېرەك. مانا بۇ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاساسى. مۇشۇنداق بولمايدىكەن ھېچقانداق ئىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

— كەچۈرىسىز خانىم، سىز دېگەن كۈچلۈك بولۇش كېرەك، دېگەن سۆز كونكرېتنى ئېيتقاندا نېمىگە قارىتىلىدىكىن؟ — دېدى سالامەت.

— پۇلغا.

— كەچۈرسىز، مەن سىزنى باشقىچىرەك گەپ قىلارمىكىن دېۋىدىم. توغرا، پۇل ھازىر پۈتۈن دۇنيانىڭ باش تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مېنىڭچە پۇلنىڭ رولىنى چۈشىنىش بەكمۇ تەس. ئۇنىڭغا باھا بېرىشمۇ ئوخشاشلا تەس! — دېدى سالامەت.

— كۈچلۈك بىر ئەر، پۇل تېپىشنى بىلىشى كېرەك ھەم چوقۇم پۇل تاپالىشى كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيادا پىشىپ يېتىلگەن ھەقىقىي بىر ئەرنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆلچەش لازىم. — دېدى خانىم.

تانسىخانىدىكى چىراغ ناھايىتى غۇۋا بولغاچقا سالامەت بۇ خانىمنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى.

— سىڭلىم، كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئۇزۇنغىچە تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسىنى بىلەمسىز؟ — دېدى خانىم.

— بىلمەيمەن.

— پۇل. پۇل دۇنياغا مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا بارالمايدىغان ئاتالمىش مۇھەببەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. پۇل بىر ئادەمنىڭ، ئائىلىنىڭ، بىر جەمئىيەتنىڭ مەڭگۈ بەختلىك بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت ۋە بىردىنبىر ئاساس.

— يەڭگە، — دېدى قىز تىترىگەن ئاۋازدا، — مەن سىزدىن بىزار بولۇۋاتىمەن!

— ئۇنداق دېمەڭ، سىڭلىم بىز بىر — بىرىمىزدىن ئايرىلالمايمىز. مەن 90 — يىللارنىڭ ئېقىمىدا ياشاۋاتىمەن، لېكىن ئاكىڭىزنىڭ ئوي — پىكرى، ھەرىكىتى، ھە دېسىلا يامان بولىدۇ دەيدىغان يېتىلەككە مېڭىشى، ياخشىلىق قىلىمەن دەپ ئۇستىخان غاجىلىشى، ئىشقىلىپ بارلىق قىلمىشى قەدىمكى سىنىپ باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ. شۇڭا ئاكىڭىز ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئۇنىڭ سۆيگۈسى ماڭا ئاقىدىغان، مېنىڭ سۆيگۈم يەنە باشقا بىر ئەرگە ئاقىدىغان ئىشتا سىز بەك ئالىيجاناپ بوپ كەتمەڭ. سىز بۇ ئىشتىن پايدا تاپالمايسىز. قان ئۈچۈن چاپان سالىدىغان دەۋر باشقا بىر ياققا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. زور بىر ئېقىم ئۈچۈن چاپان سالىدىغان ئىشنى ئۆگىنىڭ. كىمكى باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماقچى ھەم ئۆزلىرى ئاتالمىش نورمالسىز دەپ بىلگەن ئىشلارنى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى پەقەت يېقىنقىلا كۆرۈلگەن پاك، ئادالەت، ئەخلاق دېگەندەك يوللارغا سالماقچى بولىدىكەن، ئۇنى بىرىنچى دەرىجىلىك نادان دەپ ئاتىسا بولىدۇ. مەۋجۇد بولۇپ تۇرىۋاتقان نەرسىلەر پەقەت ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلىپ گۈللەنسۇن ياكى يوقالسۇن. سىڭلىم، ئەكىلىڭ قولىڭىزنى، ماۋۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى سىزگە سوۋغا قىلاي، لېكىن مۇنۇ تەلىپىمنى ئۇنۇتماڭ، بۈگۈن بىز بىر — بىرىمىز بىلەن ئۇچراشمىغان بولىمىز.

ناخشا — تانسا مەركىزىدە نورمال ۋە بىنورمال كەيپىياتلار ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئاغزىنى ۋاقىتلىق ئېچىپ تۇرىدىغان شۆھرەتپەرەسلىك قوڭغۇزلىرىنى رازى قىلىشقا تىرىشىۋاتقان كىشىلەر، سېنىڭ راست دەپ يېۋا بىلەن مېيگۈيشياڭ ئىچىدىغان يېرىم شەيتانلارغا ۋۇجۇدىدىكى ھاياجانلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىۋاتاتتى. ناخشىچى ئىشتىنىنى يۇتتۇرۇپ قويۇپ ئانىسىدىن تاياق يېگەن قىزغا ئوخشاش قايغۇرۇپ، بىردەم بېلىنى ئەگسە، بىردەم قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ناخشا ئېيتاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن رازى بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ مەست ئادەمگە ئوخشاش قىلىقلىرى، كى-

شىمگە تېلېۋىزور نومۇرلىرىدا كۆرگەن چەت ئەلنىڭ كەسپىي ئابداللىرىنىڭ ئوبرازىنى ئاتا قىلاتتى. قىسقىسى ئۇنىڭ ناخشىسىدىن كۆزنى يۇمۇپ ھۇزۇرلىنىشقاتوغرا كېلەتتى. ئۇنداقتا بۇ دەۋر بىرەر ئىشتىن كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ھۇزۇر ئالىدىغان دەۋر بولمىدىمۇ؟ توۋۋا.

— كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تاشقى ئوبرازىغا تايىنىپ جان باقامدۇ ياكى چىن ئىچكى دۇنياسىنىڭ پاكىز يوللىرى بىلەن ياشامدۇ؟ ئەگەر ھېچكىمگە تايانمايدۇ دېيىلسە، تايىنىدىغان ياكى چوقۇنىدىغان ئەۋلىيا يوق، بۇ زاماندا، چوقۇنىدىغان ئۇچىنچى خىل نەرسە بارمۇ، — دەيدۇ سالامەت.

ھېلقى خانىم كۆلۈمسىرىگىنىچە ئۆز ئورنىغا كەتتى. سالامەت قولىدىكى چىرايلىق رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى. كەڭ تارقالغان خەلق ناخشىسىنىڭ مۇڭى بىلەن، بايا ئىچكەن مېيگۈيشيالڭ ھارىقى ئۇنىڭ سودەك يېقىملىق بەدەنلىرىنى بويلاپ غايىپ بولدى. ھېلقى قىز قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى تۇتقىنىچە سالامەتكە قاراپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى.

— خانىم، — دېدى قىز مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن، ئادەم نېمە ئۈچۈن مەڭگۈ پاكىز ياشىيالمايدۇ؟

— بۇنداق سوئاللارغا قول بولۇپ قالماڭ. سىڭلىم ئادەتتە كىشىلەر پاكىز ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ، بۇ پەقەت بىزنىڭ ياشىشىمىز ئۈچۈنلا ياردەم بولىدۇ. لېكىن ئۆزىمىز ئارزۇ قىلغان پاكىز يولدا، كىشىلىك ھاياتىمىزنىڭ رەڭگا — رەڭ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. شۇڭا بىز ئادەتتە ئۆزىمىزنىڭ خىيالىغا كەلگەن پىكىر يولىمىز بىلەن ياشايمىز. دەسلەپتىكى سۈتتەك پاكىز ئارزۇ — ئۈمىدلىرىمىزگە ھۆرمەت قىلالمايمىز. شۇڭا يىغلايدىغان ۋاقىتلاردا يىغلاپ قويىمىز. ئىنگىلىپ ياشاشنىڭزىيىنى يوق. لېكىن خۇدايىم ئىنگىلىپ ياشىغان ئادەملەرنىڭ پېشانىسىگە ئاسانلىقچە سۆيمەيدۇ. خۇدا پەقەت بىرلا ئادەمگە قانات بېرىدۇ: مەيلى سەن قانچىلىك ئالىيجاناپ بول ياكى پەسكەش بول، ئەمگەكنى خالىساڭ، بايلىق يارىتالىساڭ خۇدانىڭ ئۆچمەس چىرىقىغا ئىگە بولالايسەن! شۇڭا ھەممە ئىشتا ئەڭ مۇھىمى قول سېلىپ ئىشلەش. پەقەت ئارزۇ خالتىسىنى يۇدۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ ئۈمىدلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىمەن، دېگەن ئادەم بىچارە ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىز بۇنداق ئادەملەردىن بولماڭ!

— شۇنداق، ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز. ھەممىدىن مۇھىمى قول سېلىپ ئىشلەش كېرەك ئىكەن! — دېدى قىز يىغلىغاندەك ئاۋازدا.

— سىز كۆزنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — سورىدى سالامەت.

— مەن بۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ باقماپتىمەن.

— ئويلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئادەم ئۆزىنىڭ كۆزىنى نىشان قىلىپ ياشىمىسا بىر قولدىن پەرقلەنمەيدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىر ئۆمۈر قان تۆكۈپ ئىشلەيدۇ. لېكىن ئۆزىنى رازى قىلىدىغان كۆزگە ئىگە بولالمايدۇ. بۇنداق شۇم تەقدىردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قەلبىدە قاتتىق ئويغۇغا كەتكەن ئەقىل ئىلاھىنى ئىزدىشى كېرەك ھەم ئۇنىڭغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ رەڭلىك ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ سالامەتنىڭ كۆزلىرىگە سۆيۈنۈش بىلەن تىكىلدى. ئۇ بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىدا تولۇق چېنىقىپ چىققان كۆزلەردىن ئۆزى بىر ئۆمۈر ئېھتىياج بولىدىغان نەرسىلەرنى ئىزدەيتتى.

— رەھمەت، خانىم، — قىز ئىستاكاندىكى پىۋىنى ئىچىۋېتىپ يەڭگىسى ئولتۇرغان يەرگە قاراپ ماڭدى. ئارقىدىن سالامەت قىز كەينىكەن تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن سەت تىل ئاۋازىنى ئاڭلىدى. سالامەت ئورنىدىن تۇردى.

سالامەت ئۆزىنىڭ چىرايلىق كىچىك ماشىنىسىنى ھەيدەپ يولغا چىقتى. كېچە بولسا بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. سالامەت ماشىنىسىنى يېڭى قورۇسىنىڭ ئالدىدا توختاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن چوڭ بىر ئىتمۇ ئەگىشىپ چۈشتى. ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپ ماشىنىسىنى ئەكىرىپ قويۇپ، ئىتنى باغلىدى. ئاندىن دەرۋازىغا قۇلۇپ سالدى.

ئەتىسى كۈن ئۆرلەپ خېلى بىر يەرگە بارغان ۋاقىتتىمۇ سالامەت ئورنىدىن تۇرماي ياتتى.

بەھەللىدىكى ئاياللار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئادەتتە

يىغىلىدىغان يېرىگە كېلىپ توپلاشتى.

— ئاڭلىسام سالامەت ئاخشام بىر كىچىك ماشىنا ھەيدەپ كەپتۇ!

— خېلى جېنى بار خوتۇن ئوخشايدۇ جۇمۇ، ئۇ.

— ئەيتاۋۇر، سىرلىقلا بىر خوتۇنغۇ!

— تۆت - بەش تەڭگىسى بار خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى سىرلىق بولىدۇ!

— ئەگەر سەن ئەر بولغان بولساڭ، ئايالىڭنى يولغا سېلىپ قويۇپ چوقۇم مۇشۇ خوتۇننىڭ پېيىگە چۈشەتتىڭغۇ دەيمەن!

— ھازىرقى ئادەملەر پۇلى بارلارنى كۆرسە تىتىرەيدىغان بولىدى، ئىشقىلىپ قولۇڭدىن ھەر ئىش كېلىدۇ، ئاداش سېنىڭ.

— تونۇگۈن بىرسى ئۇنى تانسىخانىدا كۆرۈپتۇ، كاساپەت بەك چىرايلىقكەن، كۆزى كۆز، قېشى قاش، يۈزلىرى پاقىراپ تۇرىدۇ، دەيدۇ. يىگىرىسىنىڭ كېلىشكەنلىكىنى سۆزلەيدىغان بولسا ئاغزىڭلار ئېچىلىپ قالىدۇ. مېنىڭچە بۇ ئەرگە تەككەن خوتۇن ئەمەس. ئەرگە تەككەن خوتۇننىڭ بەللىرى ئاشۇنداق ئىنچىكە بولامدۇ.

— ئەر بولۇپ قالغان بولسۇمچۇ، ئىسىت!

— سەن ئەر بولۇپ قالغان بولساڭ خوتۇن ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئېشەكنىڭ يۈكىدا ئەتكەن ئىككى پارچە كىگىزمۇ ئالالمايتتىڭ!

كۈز شامىلى دەرەخلەرنى، تاملارنى، سۇگۇچلەرنى، دەرۋازىلارنى ئاخىرىدا سالامەتنىڭ ئېتىنى ئالداپ بۇ سۆزلەرنى سالامەتكە يەتكۈزمەكچى، ئىلگىرىكى يىللارغا ئوخشاش نام - شۆھرەتكە ئىگە بولماقچى بولدى. لېكىن سالامەت يەنىلا ئۇخلاۋاتاتتى.

ناشتىدىن كېيىن ئەخەت شاختىن پىشقان ئالمىدىن يىمىر نەچچىنى ئۈزۈپ، ھېجايغىنىچە ئايالىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— دەرۋازىغا ئۈچ قېتىم چىقىپ بولدۇم، ھېلىقى سالامەتنىڭ ئورنىدىن تۇرغاندەك ئەمەس، تىنىق باردۇر ئۇ نېمەگىدە؟

— تامدىن چۈشۈپ مەيدىسىنى ئۇۋۇلاپ ئويغىتىپ قويسىڭىز بولامدۇ!

— خۇدايىم بۇيرىسا ئۇ ئىشلارمۇ بولۇپ قالار.

— ئۆلىمكىنى ئىت يېمەيدىغان قېرى، نېمە دەركىمىن دەپ ئانچىكى دەپ قويسام قىلىۋاتقان گېپىنى.

— گۇناھ ئۆزەڭدە، كەچكىچە ئادەمنىڭ كەينىگە كىرىۋالسەن، - دېدى ئەخەت - ئىگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەپتۇ، دېگەن گەپ بار. ئادەمگە ئۇنچىۋالا ئېسىلىۋالغان بارمۇ؟

— گۇناھ سەندە، قېرى، مۇشۇ تۇل خوتۇن كەلگەندىن بېرى ئولتۇرالماي قالدىڭ! - دېدى خاسىيەت جاراڭلىق ئاۋازدا.

— خوتۇن، تونۇگۈن ئاخشام ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ بۇ خوتۇن بىر ئىتمۇ بېقىۋالغان ئوخشايدۇ.

— كېچىچە ئۇخلىماپسەندە بېشىڭنى يەيدىغان، ساڭا ئوخشاش ئىتتۇ ئۇ، ئىت ئىتنى كۆرسە قاۋايدۇ، ئەمەسمۇ.

— مۇشۇ كۈنلەردە سەۋىيەرلىك بەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ، جۇمۇ خوتۇن. ھەر گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىڭغا قاراپ دەيمىنا. ماڭا تەگكەندە ئۆزەڭنىڭ ئېتىڭنىمۇ بىلمەيتتىڭ. مانا ئەمدى قارا، شەيتانغا دەرس بېرىدىغان دەرىجىگە كەپسەن. ئەگەر مەن سېنى ياخشى تەربىيلىمىگەن بولسام، ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يۈزۈڭنى يۇيمايتتىڭ! - دېدى ئەخەت مەغرۇرلىنىپ.

— خۇدايىم بۇيرىغان بولسا بۇ يىل 52 ياشقا كىرىپتىمەن، مېنىڭ ھاياتىم ئاغدىن چۈشكەن سۇدەك پاكىز ئۆتكەن. پاكىز ئادەم ئۈچ كۈن ئەمەس، ئون كۈندە بىر قېتىم يۈزىنى يۇيسىمۇ بولىدۇ.

— بولدى، خوتۇن، بۇ گەپنى قويايلى، سەن بېرىپ قوشناڭنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ باق، بىرەر ئىش بولۇپ قالغان بولسا سەت تۇرىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، خوتۇنلارنى كۆرسە ماڭالمايدىغان ئەخەتجان. ئەگەر بىرەر ئىش بولۇپ قالغان بولسا ئاساسىي قاتلامنىڭ خوتۇنلىرى ئۇنىڭدىن

خەۋەر ئالدۇ. بۇگۈن يەكشەنبە. ئاستا بېرىپ قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزنى تېپىۋېلىڭ. باغدىكى ئالمىلارنى تولۇق تېرىڭ. زېدە بولغانلىرىنى قويغا بېرىپ، ساقلىرىنى قاق قىلىپ يېيىڭ. قوينىڭ يۇڭى ئۆسۈپ كېتىپتۇ. تۇل خوتۇننىڭ مورىسىدىن ئىس چىقمايدىغۇ، دەپ يۈرمەي قوينىڭ يۇڭىنى قىرقىۋېتىڭ!

— بۇيرىمىساڭمۇ قىلىمەن، خوتۇن. سېنى ئالخاندىن بېرى مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ كېلىۋاتىمەنغۇ. ھەي ...ئەردەك بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيۋاتىمەندە. ئەسلى ئىش مەن ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن، ياش ۋاقتىمدا بۇ چاققىچە ئۇلۇغ ئەرلەردىن بولۇپ يېتىلىپ كېتەتتىم. ئەگەر بولمىغاندا خوتۇندىن قورقمايدىغان ئەرلەردىن بولۇپ قالاتتىم. ھەي ...كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ دېگەن راست گەپتە. مېنىڭ ئەقلىمنى خوتۇنلار يوقاتتى، ئىلىككىلىرىمنى خوتۇنلار شوراپ بولدى. ئەگەر مۇشۇ دۇنيادا ئاياللارنىڭ قانداق ئىنسان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىسىنى بەرگەن بولاتتىمدە!

— نېمىگىزنى بېرەتتىڭىز! - خاسىيەت ئېرىگە ئالايدى.

— ئۆزەمنى بەرمەمدىم.

— تاسما يېگەن ئىت خۇيىدىن قالماپتۇ دېگەن، مۇشۇدە.

— تاسما يېگەن ياخشى ئىت خۇيىدىن قالماپتۇ، دېمەڭ ياخشى بولارمىكىن!

— ياخشى ئىت تاسما يىمەيدۇ! - دېدى خاسىيەت.

— نېمە يەيدۇ، ئەمسە؟

— ئاناڭنىڭكىنى يەيدۇ، بولدىما!؟ - ۋارقىرىدى خاسىيەت.

— ياخاللا خۇدايىم، مۇشۇ چىرايلىق بىلەن شۇ گەپنى قىلىۋاتامسەن؟ مېنىڭغۇ ئانام تۇگەپ كەتكەن، قېيىن ئانام بار، شۇ.

— بېشىڭنى يە، ساراڭ!

سالامەتنىڭ قورۇسىغا تۇنجى بولۇپ كىرگەن پەسىل قۇشلىرى ئاخىرى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى.

سالامەت چىرايلىق كۆزلىرىنى ئاچتى، قۇياشنىڭ ئىنسانغا ئۇزۇق بېرىدىغان نۇرلىرى ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزلىرىنى سۆيۈشكە باشلىدى. كۈز شامىلى كۆل بويىدىكى خۇشپۇراق ئوتلارنىڭ ھىدلىرىنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ھەقىقىي كۈز ئۇچۇن قان تۆككەن كىشلەرنىڭ كۈز ئوتلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ئارزۇلىرىنمۇ ئېلىپ كەلدى.

سالامەت ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ گۈشرەڭروباشكىسى بىلەنلا دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پەردىنى ئاچتى. كۈزنىڭ كىشىنى يىغلىتىدىغان كۆرۈنۈشلىرى ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدا پەيدا بولدى. كۆك ئاسمان خۇددى ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ داغدۇغىلىق، ھاياجانلىق، مۇھەببەتلىك ۋە ئاق يوللۇق بولۇشىنى تىلىگەندەك ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرگەن پەسىل قۇشلىرى دېرىزە ئالدىدىكى ئالما شېخىغا قونۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

سالامەت تالاغا چىقتى. قۇياشنىڭ ئۇلۇغ نۇرلىرى ئۇنىڭ كىشىنى مەست قىلىدىغان بەدىنىگە تېگىپ، مەن - مەن دەپ يۈرىدىغان نۇرغۇن ئەرلەرنى غەيرىي خىيالغا سالىدىغان گۈزەل كۆكسىنى سۆيۈشكە باشلىدى. پەقەت كۈز شامىلىلا ئۆزىنى يوقاتمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، سالامەتنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى ھەم قۇياش ئىچىدىكى رەزىللىكنى بىلەلەيدىغان ئەقلىنى مەدھىيىلىمەكتە ئىدى. سالامەت ئىككى قولىنى قۇياشقا ئۇزاتتى، قۇياش ئۇنىڭ بەدىنىنى يۆيىۋاتاتتى. ئۇ ھەر كۈنى مۇشۇ ھەرىكەتنى قىلاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ماكانى ياكى مەركىزى بولغان كۆكسى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەتتى.

سالامەت تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيدى. ئۆي ئىچىلىك كىيىملىرىنىمۇ كىيدى. ئاندىن توڭلاتقۇدىن يەيدىغان نەرسە ئېلىپ ئىتقا تاشلاپ بەردى - دە، قورۇنىڭ مەركىزىدىكى گۈلخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناشتا قىلىشقا باشلىدى.

— ئالما نېمە ئۈچۈن كۈزدە پىشىدۇ؟ ئەتىرگۈل نېمە ئۈچۈن كۈزدە كۆركەملىشىدۇ؟ لېكىن كىشلەر نېمە ئۈچۈن كۈزدە غەمكىن بولىدۇ؟ بۇ جاھاندا ئەسلى

كۇلۇپ ياشايدىغان ئىنساننى غەمگە سالغان، يىغلاتقان نەرسە نېمە؟ بۈگۈنكى زامانىدىكى بەختنىڭ ئۆلچىمى زادى نېمە؟ - سالامەت ناشتا قىلغاچ مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پۈتۈن ھاياتى بىلەن ئېرىشمەكچى بولغان ئاشۇ نەرسە ھازىر ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدا سېرىق سۇ ئاقىدىغان دېڭىزغا ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە بۇ سېرىق دېڭىز ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە، ساداقىتىگە، گۈزەل دوستلىرىغا مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان پاكىز ئىدىيىسىگە سېرىق سۇ چېچىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆمرىدە بىرلا قېتىم بولىدىغان باھارىنى يەنە بىر دۇنياغا ئاپىرىپ كۆمۈۋەتكەنىدى.

ئاپئاق كەپتەرلەر سالامەتنىڭ بېشىدا ئۇچۇشقا باشلىدى، ئىتمۇ ئىگىسىنى دوراپ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆك ئاسمانغا قارىدى. سالامەت پات - پات دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قوياتتى، لېكىن ئۇ ياقتىن ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

بىر قىپقىزىل كۈز يوپۇرمىقى سالامەتنىڭ ئالقىنىغا ئۇچۇپ چۈشتى.

— مەيىن شامال ئىنسانلار ئارىسىغا جېنىنى بېغىش ئۈچۈن كەلگەن كۈزنىڭ روھىي دۇنياسىدىن لەيلەپ چىقتى. ئەتراپ شۇ قەدەر جىمجىت ئىدى، يېشىل قۇشلىرى ھېرىپ قالدى بولغاي، ئۇلارنىڭ رىقابەتلىشىپ ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئاۋازلىرى بىردىنلا يوقىدى. پەقەت قۇياشلا ئىلگىرىكى سانسىز ئاي - كۈنلەردىكىدەك بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى ئۆزئارا دۈشمەنلىشىشكە، بىر - بىرىگە ساختىپەزلىك قىلىشقا ئۈندىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا مۇھەببەتلىك ياشاشنى ئۆگىتىپ پارقىراپ تۇراتتى.

— جاھاندا مۇتلەق ياخشى كىشىلەر مەۋجۇد بولمايدۇ، پىشىپ يېتىلگەن بىر ئادەم باشقىلارنى ھەم كۇلدۇرەلەيدۇ ھەم يىغلىتالايدۇ، - دەيتتى سالامەت.

قىپقىزىل كۈز يوپۇرمىقى سالامەتنىڭ ئالقىنىدا ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. سالامەت ئەسلەش دۇنياسىدىن قايتىپ، ئالقىنىدىكى قىزىل يوپۇرماققا قاردى.

— ياخشىمۇسىز، كىچىك يوپۇرماق؟- سالامەت ئۇنىڭدىن تاتلىقىنە ئەھۋال سورىدى.

— بەك بېشىڭىز قېتىپ كەتكەندەك قىلىدىغۇ؟- دېدى يوپۇرماق كۇلۇپ تۇرۇپ. - نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟

— سىز مەڭگۈ تېگىگە يېتەلمەيدىغان ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن، مانا مۇنداق، - دېدى سالامەت.- بۇ دۇنيادا ئادەم قانداق پەيدا بولغان، ئۇنىڭ ماكانى قەيەر؟!

— مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى بىلىمەن، - يوپۇرماق سالامەتنىڭ ئالقىنىدىن تاماق جوزىسىغا چۈشتى. - شۇنداق، بۇرغۇنلىغان كىشىلەر مۇشۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ. لېكىن بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ. مەسىلەن: بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ يىلتىزىنى بىلەلمەيمىز، بۇ سىرنى مەڭگۈ ئاچالمايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن خۇداغا باش قويىمىز. جاھاننىڭ ئىشلىرىنى خۇدا تەگشەيدۇ. مەن بىر كىچىككىنە يوپۇرماق، ئاغزىمغا كەلگەننى دېسەم خاپا بولۇپ قالماڭ، سىلەر ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر ئاجىزلىقىڭلار شۇكى، ئۆزەڭلەر بىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى بىلىۋالساق دەپ باش قاتۇرىسىلەر، ئەقلىڭلارنى، قابىلىيىتىڭلارنى جان بېقىش، ئەلدىن - ئەلگە نەپ دەيدىغان ئىشقا قاراتمايسىلەر. تۇتسا قولغا چىقمايدىغان، ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆزئارا كۈلۈشۈپ تۇرۇپ چىشلىشىسىلەر. بۇلارنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى بار؟ بىزنىڭ بۇرۇنقى تارىخىمىز ئوخشاشلا شانلىق ئۆتكەنغۇ؟ ئىشىنىڭ، كەلگۈسى تارىخىمىزمۇ شۇنداق بولىدۇ. لېكىن بىز بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى دۇنيادىن كېتىمىز، كونكرېت ئادەم دۇنيادىن كېتىدۇ، بىراق كائىناتتا مەڭگۈ ياشايدۇ. ئۆزىڭىزگە قاراپ بېقىڭە، سىزنىڭ ياشلىق باھارىڭىز قېنى، مۇھەببىتىڭىز قېنى؟ ئەمدى ماڭا قاراڭ، مەنمۇ ئەمدى ئۆزەم بىر ئۆمۈر چوقۇنۇپ كەلگەن دەرەخنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مۇساپىر بولۇپ يۈرىمەنغۇ! شۇڭا دۇنيادىكى ئادەملەر، ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدىكى بارلىق تالىشىشلارنىڭ ھەممىسى ئەخمەقلىق. راست گەپنى قىلغاندا، يالغۇز بىر ئادەمنىڭ قولىدىن نېمە

كېلىدۇ؟ مەسىلەن، سىزنى ئالايلى: سىز پۇل ۋە ئۆزىڭىزنىڭ نامى ئۈچۈن ياشايسىز. مەن قۇياش ئاسمىندا بىر كۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ سېرىقىنى كۆرەي دەپ ياشايمەن. ھەر ئىككىمىزنىڭ مەقسىتى ئوخشاش، لېكىن بۇ بىزنىڭ مەيلىمىز ئەمەس، ئاخىرقى ھېساپتا بىر خۇدانىڭ ئاغزىغا قارايمىز. دېمەكچى بولغىنىم، سىز تۇرمۇش ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ، ھە دېسىلا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ئىشقا خاتىمە بېرىڭ، قىسقىسى، ماڭا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۆگىنىڭ. تەقدىرنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان كۈلكىسى بىلەن يىغىسىنى قوبۇل قىلىڭ!

سالامەت يىغلىدى. مونچاقتەك ياشلار ئۇنىڭ ھورۇنلارنىڭ قولىغا كەتمەن تۇتقۇزىدىغان كۆزلىرىدىن يۇلدۇقلاپ چىقتى. ئۇ ئالدىدىكى يوپۇرماقنى ئىككى قوللاپ ئالدى.

— مەن سىزنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئۇسۇلىڭىزغا قارشى تۇرالمايمەن ھەم ئۆزەمنىڭ ياشاش ئۇسۇلۇمنى باشقىلارغا تاڭمايمەن. سىز يوپۇرماق، مەن ئادەم.ئادەم ئادەمدەك ياشىشى كېرەك.- دېدى سالامەت.

— مەن سىلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇللىرىڭلارنى بىلىمەن.بەلكىم سىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان بەخت، ئۆزئارا چىشلىشىشنىڭ پۈتكۈل بىر باسقۇچىدىن ئىبارەتتۇر؟ - دېدى يوپۇرماق.

— ياخشى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەم ئۇنىڭغا چوقۇنۇش خاتا ئىش ئەمەس. مۇشۇنداق قىلغان كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلىش كېرەك. لېكىن تۇرمۇشتا بۇنداق ئىدىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىشنىڭ ئۆزى توغرا ئەمەس.

— خانىم، سىز بۇ مەسىلىلەردە نەپرەتنى ئاساس قىلىپ پىكىر قىلىۋاتىسىز. سىز ماڭا قاراڭ، مەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا بۇ دۇنيادىن غايىپ بولۇپ كېتىمەن، لېكىن ئاشۇ مىنۇت- سېكۇنتلۇق ھاياتىمدا مۇھەببەتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇۋاتىمەن. سىز نېمە ئۈچۈن ھېلىقىدەك پىكىردىن قايتمايسىز؟

— ھاياتنى سۆيۈش،ئىنسانلارنى سۆيۈش، تامامەن توغرا ئىش. لېكىن كىشىلەر بۇنداق سۆيۈشلەردە ھەرگىزمۇ بىرلىككە كېلەلمەيدۇ. بىزنىڭ سۆيۈشلىرىمىزنىڭ ئۇسۇلىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: سىز بىرەرسى تەرىپىدىن ھاقارەتلەندىڭىز، ئالداندىڭىز، دەپسەندە قىلىندىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئاشۇ كىشىنى يەنىلا ياخشى كۆرەمسىز؟

— توغرا، بىز ھەقىقەتەن ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ياشايمىز. مېنىڭدە سىزگە ئوخشاش بىرەرسىگە مۇھەببىتىمنى ئاتاپ ياشاش ھوقۇقى يوق. مېنىڭ مەۋجۇد بولۇشۇم ئىنسانلارنىڭ ھۇزۇرى ئۈچۈن، مېنى كۆتۈرۈپ تۇرغان شاخنىڭ ئابرويى ئۈچۈن. ئۇلار مېنى باش باھاردا مەدھىيىلەيدۇ، كۈزدە ئاياغ ئاستى قىلىدۇ: خالاس!- دېدى يوپۇرماق.

— ئەقلى - ھۇشىنى يوقاتمىغان ھەر بىر ئادەم قارشىلىشىشنى بىلىشى كېرەك. بۇ ياشاشتىكى بىردىنبىر مۇھىم نەرسە!- دېدى سالامەت.

— مەن بىر كىچىك يوپۇرماق، مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئاساسى تېمىسى قارشىلىشىش ئەمەس، بەلكى كۆكۆمنى ئىنسانلارغا ھەدىيە قىلىش.

— چۈشىنىمەن. سىزنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىڭىز، كۆز يېشىڭىز باشقىلارنىڭ بەختىنىڭ ئاساسى.

— خوش ئەمىسە، خانىم. مەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئالەمدىن مەڭگۈ غايىپ بولىمەن. بەك ئەقىللىق ئادەملەر بەختكە ئىگە بولالمايدۇ. ھېلىقىدەك ئۆي - پىكىرگە بېرىلمەيدىغان كىشىلەر ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىدۇ.

يوپۇرماق ئۇچۇپ كەتتى.

سالامەت بېشىنى كۆتۈردى. كۆك ئاسمان مەغرۇر كۈزنىڭ قوينىدا ئىنسانلارغا قول بولۇپ ئۆتكەن تارىخىنى ئەسلەۋاتاتتى. بۈگۈنكى كۆك ئاسمان، ياق، بۈگۈنكى پۈتۈن لەۋھالار بىلەن نوچىلارنىڭ كۆزلىرىنى يورۇتقان قۇياش ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ. لېكىن بۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ ئاساسى تۈنۈگۈنكى ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئارمىنىمۇس. ئاپئاق بىر كەپتەر ئۇنىڭ خۇدايىم بەرگەن چىرايلىق كۆكسىگە چۈشۈپ قوندى. لېكىن كەپتەر شۇ ھامانلا توكقا قونۇۋالغاندەك ئەندىكىپ، دىككىدە

كۆتۈرۈلدى . دە، سالامەتنىڭ مۈرىسىگە چىقىۋالدى.

— سىزمۇ كۆزنىڭ قۇلىمۇ؟ - دەپ سورىدى سالامەت كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ كەپتەردىن.

— ياق، مەن ئىگەمنىڭ ھەم ئاياللارنىڭ قۇلى. مەن بەك يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتسەم بولمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئەۋلادىمىز ئىگىمىزنىڭ نېنىنى يەپ چوڭ بولغان.

— ئەگەر سىزنى بۇ يەردىنمۇ ياخشى، گۈزەل جايغا ئەكەتسەم، ئەركىن ئۇچۇپ ياشىغان بولاتتىڭىز، بارامسىز؟

— بارالمايمەن، چۈنكى بىزنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قارىشىمىز ئوخشىمايدۇ. ئىنسانلار ئەركىن ياشىنى بەخت دەيدۇ، بىز ئىگىمىزنىڭ باشقۇرۇشىدا ياشاشنى بەخت دەپ بىلىمىز، - كەپتەر سالامەتنى سۆيۈۋالدى.

— سىز كېتىۋېرىڭ! - دېدى سالامەت، - بىز بۇ ئىشتا ئورتاق پىكىرگە ئىگە بولالمايدىغان ئوخشايمىز. چۈنكى سىز قورسىقىڭىز ئۈچۈن ياشايدىكەنسىز، مەن كۆزۈم ئۈچۈن ياشايمەن.

كەپتەر قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەتتى.

كۆز بىر ماكان كىشىلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆلگە ئايلاندۇرۇپ، باشقا بىر نامرات ماكاننىڭ پۇقرالىرىغا سېتىپ بەردى. قىزىل بۆلۈت بارلىق پۇقرالىرىغا بىر نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىن چۈشەنگىلى بولىدىغان ئەقىلنى سوۋغا قىلدى. سالامەت كۆك ئاسمانغا نەزەر سېلىپ، ئىچكى دۇنياسىدا ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان رەڭلىك دۇنياسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

دەرۋازا تەرەپتىن ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

ئىت سالامەتنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سەن بىرەر گەپ ئاڭلىدىڭمۇ؟، دەپ سورىدى سالامەت ئىتتىن.

— كىشىلەر سىزنىڭ تارىخىڭىزغا بەكمۇ قىزىقىۋاتىدۇ، - دېدى ئىت.

— ئۇلار مېنىڭ تارىخىمنى بىلىپ قالىدۇ، ۋاقىت ئۇلارغا ھەممىنى ئاشكارىلايدۇ، - دېدى سالامەت مۇڭلىنىپ.

سالامەت ئۈچ كۈنگىچە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقمىدى، قوشنىسى خاسىيەت بۇ ئەھۋالدىن بىر ئاز ئەنسىرىدى.

— ۋوي، ئۈچ كۈننىڭياقى تالاغا چىقىپ قويابمۇ دېمەيدىغۇ بۇ خوتۇن؟ ھەر ھالدا بىز بولساقمۇ ئۆيگە كىرىپ قويايلى، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا سەتلىشىپ قالمايلى يەنە، - دېدى ئۇ ئېرى ئەخەتكە.

— ھە، مانا، ماۋۇ گېپىڭ دۇرۇس بولدى. يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ! ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ قوي، ئايال خەق، ئايال خەقنىڭ قاياشى. قارا! - دېدى ئەخەت.

چۈشتىن كېيىن خاسىيەت ۋە ئاتاسى قاتلامدىكى بىر نەچچە ئايال، سالامەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇردى. ئىت مەغرۇر مېڭىپ بۇ ئۇچۇرنى ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان سالامەتكە يەتكۈزدى.

سالامەت دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇلار ئۆزئارا سالاملاشتى. سالامەت مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم خاسىيەت، سىزگە قوشنا بولىمەن، بۇ ئىككەيلەن ئاساسي قاتلامنىڭ مەسئۇللىرى. بۇلار كۆچۈپ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلاپ يەتە قىلىپ چىقايلى دەپ كەلگەنىكەن، باشلاپ كىردىم. تونۇگۇن كىرەرمىز دېيىشتۇق، كىرەلمىدۇق. كۆز ئاياللارنى بەك ئالدىرىتىۋېتىدىكەن، - دېدى خاسىيەت گېپىنى ئوڭشاپ.

— رەھمەت سىلەرگە. مەن ئادەتتە تالاغا كۆپ چىقمايمەن، مۇشۇنداق تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن. خاسىيەت ئېيتقاندەك، كۆز ئاياللارنى بەك ئالدىرىتىۋېتىدىكەن.

سالامەت مېھمانلارغا داستىخان سېلىپ، توڭلاتقۇ ئىچىدىن يېمەكلىكلەرنى ئالدى.

— سالامەت، كەچتە ۋاقتىڭىز بولسا بىزنىڭ ئۆيگە چىقارسىز، - دېدى خاسىيەت ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ.

— رەھمەت، ئازراق ئىشىم بار ئىدى. باشقا بىر كۈنى چوقۇم چىقىمەن.

— ئۇزۇن ئولتۇرمايمىز، ئۆيىنى كۆرۈپ چىقىڭ.

سالامەت كۈلدى.

خوتۇنلارنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ مېھمانخانىسىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

— مەن مۇشۇ مەھەللە ئاساسىي قاتلىمىنىڭ مۇدىرى بولىمەن، سالامەتخان. ئاساسىي قاتلام كىچىك ئورۇن بولسىمۇ قىلىدىغان ئىشى بەك كۆپ. ئالدى بىلەن سىزنى قارشى ئالىمىز. بىزنىڭ بۇ ئاساسىي قاتلام ئۈچ يىلدىن بېرى شەھەر بويىچە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز تازىلىققا بەك ئەھمىيەت بېرىمىز، ھەر بىر ئائىلىدىن ئېيىغا ئىككى سومدىن تازىلىق پۇلى ئالىمىز. بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ قالارسىز، — دېدى ئايال مۇدىر مەغرۇر كېرىلىپ.

— بولىدۇ، بۇنداق بەلگىلىمىلەرنى بىرىنچى بولۇپ قوللايمەن. بۇ مەھەللىدە قانچە ئائىلىلىك بار؟

— سىزنى قوشقاندا 96 بولدى.

— ئەگەر قوشۇلساڭلار مەھەللىنىڭ ئايلىق تازىلىق پۇلىنى مەن كۆتۈرۈۋالسام، بىر يىللىقنى بىراقلا بېرىۋەتسەممۇ بولىدۇ، قانداق؟ — دېدى سالامەت.

ئاياللارنىڭ كۆزلىرى تەڭلا سالامەتكە تىكىلدى.

— بۇ ...بۇ، بولىدىغان گەپكەن. مەھەللىدىكىلەر ئاڭلىسا چوقۇم خۇش بولىدۇ، — دېدى مۇدىر ئايال.

— يەنە بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن. بىر نەچچە يىلدىن بېرى بولا — بولماس ئىشلارغا بەك كۆپ پۇل خەجلەپ كەتتىم. قارىسام مەھەللىنىڭ يولى بەك كونىكەن، مۇشۇ يولنى ياساپ قويساق دەيمەن. كېتىدىغان خىراجەتنى مەن بېرىمەن، كونكرېت ئىشقا سىلەر مەسئۇل بولساڭلار، — دېدى سالامەت.

خاسىيەت سالامەتكە ھۆرمەت بىلەن قارىدى، ئۇ سالامەتنى باي ئايالكەن دەپ ئاڭلىغان، لېكىن پۈتۈن بىر يولنى ياسىغۇدەك دەرىجىدە باي ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان ئىدى.

ئۇلار خۇشخۇي ھالدا سالامەت بىلەن خوشلاشتى. ھويلىغا چىققاندا مۇدىر ئايال سالامەتنىڭ ماشىنىسىنى سىلاپ قويدى.

كەچتە خاسىيەت سالامەتنى ئۆيىگە باشلاپ چىقتى. بۇ سالامەتنىڭ مۇشۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى بىرىنچى قېتىم سىرتقا چىقىشى ئىدى.

سالامەت خاسىيەتنىڭ خۇشپۇراق گۈللەرگە تولغان قورۇسىدا پەيدا بولغاندا، ئەخەت ئاشخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن سالامەتنى كۆردى — دە، قېتىپلا قالدى. ئۆيگە مېھمان كەلسە قولىغا چاپلىشىۋالىدىغان دەسمال بىرىنچى قېتىم چۈشۈپ كەتتى.

خاسىيەت مېھماننى ئۆيگە باشلىدى، دېرىزىدىن كىرگەن مېزىلىك مېۋە پۇرىقى بىلەن فرانسىيە ئەتىرىنىڭ پۇرىقى بىرلىشىپ ئۆينى بىر ئالدى. خاسىيەت ئاشخانا ئۆيگە چىقتى.

— كىرىپ مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇڭ، — دېدى خاسىيەت ئەخەتكە.

— ئۆزەڭ بولغاندىكىن بولدىغۇ.

— بۈگۈن نېمە بولدىڭىز، ئەجەپ مېھماندىن قېچىپ قاپسىزا؟ بېرىڭ مېھمان بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇڭ، سەت بولىدۇ.

ئەخەت ئايالىنى ئەگىشىپ مېھمانخانىغا كىردى، سالامەت ھۆرمەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ياخشىمۇسىز؟ — ئەخەت چاندۇرماي ئەھۋال سورىدى.

— ياخشى، — سالامەت بوش ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

— بۇ كاساپەت يەنىلا چىرايىدىن كەتمەپتا، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يەيدىغان كۆزلىرى شۇ پېتىلا تۇرىدۇ. تۇۋۋا، ماڭغۇيىنىڭ بۇ يەردە يۈرگىنىنى دەيمانا، — دېدى ئەخەت ئىچىدە.

ھەر ھالدا خاتىرجەم بولدۇم، ئەخەتنىڭ كۆزلىرى ئۆزگەرمەپتۇ، بۇ مەن ئۈچۈن پايدىلىق. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتەلەرمەنمۇ؟! دېدى سالامەت ئىچىدە.

ئەخەت شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇيقۇدىن قالدى. «سالامەت قانداقلارچە ماڭا قوشنا بولۇپ قالدى، بۇ ئىشتا بىرەر شۇملۇق بارمۇ، قانداق؟» دېگەن خىيال ئۇنى قاتتىق ئەندىشىگە سالغانىدى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. خاسىيەت سالامەت بىلە-

لەن ئۇزۇن يىللىق ئىناق دوستلاردەك بولۇپ كەتتى. خاسىيەت تۆت كۈندە بىر قېتىم چىرايلىق ياسىنىپ سالامەت بىلەن غەربىي دىيار ناخشا - تانسا مەركىزىگە كەتسە ئەخەت ئولتۇرالمايلا قالاتتى. چوقۇم بىر ئىش بولىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ خاتىرجەم يولالمايتتى. لېكىن ئۇزۇن كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىدى. ئەكسىچە سالامەت ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، خاسىيەتنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ قالدى.

— هوي، خوتۇن، - دېدى ئەخەت بىر كۈنى، - مە دېسىلا سالامەت بىلەن تانسىغا بارىدىغان ئىشنى قوي، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ باشقىلار گەپ تاپىدۇ!

— ئىلگىرى سىزگە مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن تەربىيە بېرەتتىم. ئەمدى بۇ سۆزلەرنى ماڭا ئىشلىتىۋاتامسىز؟ بىلىپ قويۇڭ، مەن ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدىم. بىر كۈن كەچكىچە باش كۆتۈرمەي ئىشلەيدىكەنمەن. ئەتە - ئاخشاملىرى تانسىغا بېرىپ كۆڭۈل ئاچسام نېمە بوپتۇ؟ ئىلگىرى مۇشۇنداق سۆز - چۆچەكلەردىن قورقاتتىم. باشقىلار ماڭا: ئەخەت پالانى خوتۇن بىلەن پۇستانى يەردە يۈرىدۇ، پوكۈنى چوكان ئىككىسى ئوبېرىنىڭ كەينىدىن بىللە چىقتى، دەپ كەلسە ئوغرىدەك باش كۆتۈرەلمەي قالاتتىم. ئەمدى بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرمايمەن، بېشىمنى تىك كۆتۈرۈپ ياشايمەن. بالىلىرىمنىڭ ھەممىسى چوڭ بولۇپ ئورنىنى تاپتى. بۇندىن كېيىن ئۆزەمنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ياشايمەن! - دېدى خاسىيەت قەتئىي قىلىپ.

ئەخەت ئايالىنىڭ بۇنداق ئويى - پىكىرگە كېلىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ ئېگىدىكى خاسىيەت ئېغىزىدا ۋارقىرىغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بەكمۇ يۇۋاش ئايال ئىدى. بۇرۇن نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. ئەخەت بۇ ئىشلارنى بوينىغا ئالدى، ئالمىسىمۇ ئامالى يوق ئىدى. «بۇرۇنقى ئىشلاردا كۆپ قېتىم بۇرنۇمغا يىدىم، ئەمدى توۋا قىلىپ تۇرمۇشۇمنى تۈز يولغا سالدىم. ئۆيدە ئۇزۇش - جېدەل قىلمايدىغان، بىر چىنە تاماقنى خاتىرجەم يەيدىغان بولدۇق. بۈگۈنكى كۈندە بۇ سالا-مەت دېگەن نېمە نەدىن كەلدى؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ھە دېسىلا ئايالىمغا كىيىم - كېچەك سوۋغا قىلىپ، كەينىدىن چىقمايدۇ؟» ئەخەتنىڭ نۆۋەتتىكى بىردىنبىر ئەندىشى مانا مۇشۇ ئىدى.

چۈشتە سالامەت ئاساسىي قاتلام مۇدىرىنى قوبۇل قىلدى، مۇدىر سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ يول ياساشقا كېتىدىغان خىراجەتنىڭ دەسلەپكى ھېسابىنى سالامەتكە بەردى.

— بولىدۇ، - دېدى سالامەت - مەن پۇلنى ئەتە يەتكۈزۈپ بېرەي، سىلەر جىددىي تۇتۇش قىلىپ يولنى پۈتتۈرۈۋېتىڭلار، يول تۈز بولسا مېڭىشقا ئاسان بولىدۇ!

بىر ئايدىن كېيىن يول پۈتتى. بۇنىڭ بىلەن سالامەتنىڭ نام - شەرىپى ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئاغزىدا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى. خاسىيەتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، پۇل سالامەتنىڭ يۈزىگە ئالتۇندىن ھەل بەردى.

بىر ئاپئاق ئايدىڭ كېچىسى ئەخەت سالامەتنىڭ ئالدىنى توسىۋالدى.

— يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ئادەم ئەمەس، بىرەر ئىتمۇ ئالدىمنى توسۇپ باقمىغان. ئەگەر كىمكى توسقاقچى بولىدىكەن ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە بولىدۇ، ئەخەتتە بۇ ئۇسۇل توسىۋالغۇچىنى بىر تېپىك بىلەن ئېرىققا ياتقۇزۇۋېتىپ، ئۆزەمنىڭ يولىدا مېڭىش، - دېدى سالامەت.

— مېنىڭ تۇرمۇشۇم ئەمدىلا ئىزىغا چۈشكەن، شۇڭا سەن ئارىلاشمىغىن. دەيدىغان گېپىڭ بولسا ھازىردە، قىلىدىغان ئىشىڭ بولسا ھازىر قىل. ئەمما بۇ مەھەللىدىن كۆچۈپ كەت، - دېدى ئەخەت.

— نېمە ئۈچۈن كۆچۈپ كېتىمەن؟

— يېشىم ئەللىكتىن ئاشتى، ئىلگىرىكى ئىشلار ھازىر ئېسىمدا يوق، مەن تىنچ ياشاشنى ياقتۇرىمەن!

— ئاڭلاپ قوي! سەن مەڭگۈ تىنچ ياشىيالمايسەن، بەختكىمۇ ئىگە بولالمايسەن. سېنىڭ بەختكە بولغان چۈشەنچەڭ پۈتۈنلەي تەتۈر، ئۆزەڭنى ئۆزەڭ بەختلىك دەۋالغىنىڭ بىلەن باشقىلار شۇنداق

دېمىسە نېمە پايدا؟ چۈنكى سەن هايۋان ئەمەس. مىنىڭ ئىتىمغا قاراپ باقە، ئۇنىڭ يەيدىغىنى سىنىڭكىدىن كۆپ ياخشى. شۇنىڭ بىلەنلا ئۇنى بەختلىك دېگىلى بولامدۇ؟ بەختنى خەق ئىتىراپ قىلىشى كېرەك. يەنە بىر گەپ: بۇ ئالەمنى خۇدا ياراتقان، مەن خۇدانىڭ قىزى، شۇڭا مەن خۇدانىڭ زېمىنىدىكى هەر قانداق بىر بۇلۇڭدا ياشاشقا تامامەن هوقۇقلۇق!

ئەخەت ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سالامەت هېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردى - دە خاسىيەتنى ئېلىپ ماشىنا بىلەن غەربىي دىيار ناخشا - تانسا مەركىزىگە كەتتى.

ئەخەت بىردىنلا جاهاندىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ سىرىنى بىلىۋالغاندەك بولدى. ئۆتكەن كۈنلىرىنى بەكمۇ غۇۋا، خۇددى قاراڭغۇدا ئۆتكۈزگەندەك هېس قىلدى. بۇ خىل تۇيغۇ ئۇنىڭغا بىرىنچى قېتىم روهى ئازاب ئېلىپ كەلدى. ئۇ يېرىم بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ قاتتىق چىشلىدى.

ئەخەت هېلقى قاراڭغۇ كېچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. پەسىل قۇشلىرى كۆل بويىدىكى دەرەخلەرگە قونۇۋېلىپ، ئەجدادلىرى ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن ناخشىلىرىنى داۋام قىلاتتى. كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان قارا تۇمان كۆل ئۈستىدە نەغمە - ناۋا قىلاتتى. تىنچ كائىنات باشقىلار بىلسە بولمايدىغان هېلقى ئىشقا سۈكۈت بىلەن جاۋاب بەردى.

ئەمدى ئۇنىڭ كۆزى ئالدىغا ئاق ساقاللىق هېلى خادىكچى كەلدى. خادىكچى ۋەدىسى بويىچە تۈن كېچىدە ئۇلارنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەنىدى. ئات چىنداملىق يولنىڭ تومۇرلىرىغا دەسسەپ ئىلگىرىلەيتتى، يول چىرقىراپ يىغلاپ قالاتتى. خادىك كېتەتتى. ئورمانلىق ئىچىدىن كىشىنى تىترىتىدىغان ئىزغىرىن شامال كېلەتتى. ئورمانلىق يىراقتا قالغانسېرى، يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى ئەمەن قورايىنىڭ مېزىلىك پۇرىقى ئۇلارغا هەمراھ بولۇۋاتاتتى.

خادىكچى ئۇلارنى ئەكىلىپ قويغىچە دائىم ئېيتىدىغان ناخشىسىنى ئېيتمىدى، ئۇ پات - پات قا چىسىنى ئويناتقاچ خىيال قىلاتتى: «خۇدا بىپايان ئالەمنى ياراتتى، ئۇلۇغ قۇياشنى ياراتتى، تاغ - دەريالارنى، ئورمانلارنى، ئادەملەرنى،هايۋانلارنى ياراتتى، مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغان خۇدا، نېمە ئۈچۈن بارلىق جىنايەتكە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدىغان قاراڭغۇنى ياراتقاندۇ؟!»

خادىكچى ئەڭ ئاخىرىدا ئەخەتنى ئۆيىگە ئەكەلىپ قويدى، ئەخەت يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ خادىكچىگە تەڭلىدى.

— ئالمايمەن! - دېدى خادىكچى ئادەتتىكى تەلەپپۇزدا.

— نېمىشكە ئالمايسىز؟

— سىزنىڭ بۇگۈنكى پۇلۇڭ ماڭا هارام بولىدۇ.

تېخىچە بارمىقىنى چىشلەپ ئولتۇرغان ئەخەت ئاشۇ ئىشنى كۆپ يىللاردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە يەنە ئېسىگە ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

تانسىخانىدىكى نوچىلار قىن - قىنىغا پاتماي ئويناپتتى.

خاسىيەت چىرايلىق بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ سالامەتنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ رومكىسىنى تولدۇرۇپ قويدى.

— ياخشى قوشنام ئۈچۈن ئىچىتىم ئەمىسە! - خاسىيەت رومكىنى كۆتۈردى.

ئۇلار رومكىلىرىنى قويۇپ تۇرۇشىغا هەر شەنبە كۈنى تانسىخانىدا پەيدا بولىدىغان هېلىقى ئەر خاسىيەتنى تانسىغا تارتتى. سالامەت رومكىلارنى يەنە لىقلاپ قويدى.

مۇزىكا توختىغاندا هېلىقى ئەر خاسىيەتنى ئۆز ئورنىغا ئەكىلىپ قويدى.

— كېلىشكەن ئادەم ئىكەن، چىرايىغا قارىغاندا تۈزۈك ئادەمدەك قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئېرى بار ئاياللارنى بەختلىك دېسە بولىدۇ. ئادەتتە ئاياللارنىڭ چىرايىغا قاراپ ئېرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

خاسىيەت سالامەتنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— سىز بايا سىز بىلەن تانسا ئوينىغان ئەرنى تونۇمسىز؟

— سىرتىدىن تونۇيمەن، لېكىن بىز پاراڭلىشىپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئىسمى ئىسمايىل، شەنبە كۈندىن باشقا ۋاقىتلاردا تانسىغا كەلمەيدۇ. ئايالى بىر نەچچە يىلنىڭ

ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن، - دېدى خاسىيەت
مۇنداق دەڭ، - سالامەت رومكىسىدىكى پىۋىنى ئىچىۋەتتى، - ئۇ ئادەم نەدە ئىشلەيدۇ؟

— ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

— ئەپسۇس، مەن ئەرگە تەگمەيمەن دەپ قەسەم ئىچىۋەتكەن، بولمىسا مۇشۇ ئادەمگە تېگىۋالار-كەنمەنا!

— خۇدايىم سىزگە ھەر جەھەتتىن بېرىپتىكەن. ئەگەر ئەرگە تېگىۋالسىڭىز بەكمۇ بەختلىك بولۇپ كې-تەتتىڭىز، - دېدى خاسىيەت.

— سىز ئەخەتكە تەگكىلى 30 نەچچە يىل بولغاندۇ، ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېسابلامسىز؟

خاسىيەتكە تىترەك ئولاشتى، خۇددى بىرسى يۈرىكىنى چىشلىۋالغاندەك چىرايى بىردىنلا ئۇساللىشىپ كەتتى، ئۇ سالامەتنىڭ مۇنداق سوئال سورىشىنى كۈت-مىگەنىدى.

— راست گەپنى قىلسام، مەن تۇرمۇشتا بەختكە ئىگە بولالمىدىم.

— مەن بۇرۇنلا بايقىغان. سىز ئالىي مەلۇماتلىق ئادەم، مەن بىلگەن ئىشلارنى سىزمۇ بىلىسىز. كۆپ ھاللاردا ئاياللارنىڭ بەختلىك بولۇشى ئەرلەرگە باغلىق بولمايدۇ. ئىلگىرى بىز ئەرلىرىمىزنىڭ ئاغزىغا قاراپ ياشىدۇق، ئەمدى بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشىمىز كې-رەك. بەخت مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىر خىل ئەركىن ھېسسىيات، ئەركىنلىكنىڭ بىردىنبىر ئاساسى ئىقتىساد. ئىقتىسادتا ئەركىن بولالمىغان ئادەم، مەنىۋى تۇرمۇشتىمۇ ئەركىن بولالمايدۇ. ئەرلەر شامالغا ئوخشايدۇ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا خىيالىغا كەلگەن يەرگە ئۇچۇپ بېرىپ ياشايدۇ. ئاياللار دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى تۇتۇپ تۇرغان كىچىككىنە يەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇلار ئاشۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ، ئەرلىرىنىڭ، باللىرىنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ جەننىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۆ-مۈر قۇربان بېرىدۇ. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ!

— توغرا ئېيتتىڭىز، مەن ھەقىقەتەن مەقسىتىمگە يېتەلمىدىم. - دېدى خاسىيەت كۆزلىرىگە لىق ياش ئې-لىپ.

ئىسمايىل سالامەتنى تانسىغا تارتتى.

خاسىيەت سالامەتكە قارىمايلا ئۆيىگە كەتتى.

مۇزىكا تۈگىگەندىن كېيىن ئىسمايىل سالامەتنى ھۆرمەت بىلەن ئورنىغا ئەكىلىپ قويدى.

— سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇڭ. بايا خاسىيەت سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەندەك قىلدى، كەلمەسلىكى مۇمكىن، - دېدى سالامەت خۇشخۇي ھالدا.

بۇ گەپ ئىسمايىلغا خۇش ياقتى، ئۇ ئەدەپ بى-لەن خاسىيەتنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى، ئاندىن كۈتكۈچى قىزنى چاقىرىپ ئاستا بىر نېمىلەرنى دېدى.

— خاسىيەت ئەجەپ كېتىپ قاپتا؟ - دېدى ئىس-مايىل.

— بىچارە، كۆڭلى بەكمۇ ياخشى ئايالكەن، بىراق تۇرمۇشتا بەختسىز ئوخشايدۇ.

— مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغان، تۇرمۇشى مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئىزىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئېرى سەل ئادەم بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

— ئەخەتنىڭ كەينىدىن چىقمايدىغان ھېلىقى چوكان مەركىزى كىنو شەھىرى ئىچىدە مەخسۇس چەت ئەلدىن كىرگەن تاماكا ساتار مىش، شۇنداقمۇ؟ - دەپ سورىدى سالامەت.

— شۇنداق، ئۇ چوكاننىڭ ئىسمى خالىدەم. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە ئەخەت ئۇنىڭغا بىر مۇنچە پۇل بېرىپ قۇتۇلۇپتۇ مىش. ئۇ چوكان بۇ پۇللارنى دەسمى قىلىپ تاماكا دۇكىنى ئېچىۋاپتۇ. ئەخەتنىمۇ ئىزدىمەيدى-غان بوپتۇ. ئاڭلىسام سىزنى ئۈرۈمچىدىن كەلدى، دەيدۇ، بۇ يەرگە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن كەلدىڭىزما؟

— ياق، دەم ئېلىشقا كەلدىم، - دېدى سالامەت ئەدەپ بىلەن.

ئىسمايىل يېنىدا ئولتۇرغان باشقا بىر ئايال بىلەن تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. سالامەت رومكىسىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ بۇ موگۈلۈق تانسىخانىدا يەنە سانسىزلىغان قىپقىزىل كۈز يوپۇرماقلىرىنى كۆردى. كاللىسىغا ئىلگىرى كەلمىگەن بەزى پىكىرلەر كەلدى.

سالامەت بىر نەچچە كۈنگىچە خاسىيەتنى

كۆرمىدى، لېكىن ئۇ خاسىيەتنىڭ ئۆزىدىن خاپابولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن خاسىيەت بىر تەخسە مانتا ئېلىپ سالامەتنى يوقلاپ كىردى.

— مەن سىز ئەتكەن مانتىغا بەك ئامراق. ئادەتتە يۈرىكى پاكىز ئايالالر مۇشۇنداق ئوخشىتىپ تاماق ئېتەلەيدۇ، — دېدى سالامەت مانتىنى ئاغزىغا سالغاچ.

— سىز ھە دېسىلا مېنى مۇشۇنداق ماختايسىز، — خاسىيەت مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى.

— ھېلىقى كۈنى تانسىخانىدىن خوش دېمەيلا كېتىپ قاپسىزغۇ؟

— ئۇ كۈنى كۆڭلۈم بەك بۇزۇلۇپ كەتتى، ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ كېتىپتىمەن.

— ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆتكەن كۈنى ئۈستىدە كۆپ ئويلىشى، بەختلىك ياشاش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرۇشى كېرەك. بىر ئايال ئۈچۈن ئېيتقاندا بەختلىك ۋە غۇرۇرلۇق ياشاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى مەنىۋى جەھەتتىكى ئەركىنلىك، ئازادلىككە ئىگە بولۇش. مەنىۋى ئازادلىك باشقا بارلىق ئازادلىكلەرنىڭ ئاساسى.

— شۇنداق، لېكىن مەن قېرىپ قالدىم.

— سىزنى قېرى دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەم مەقسەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ياشىسا مەڭگۈ قېرىمايدۇ. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، ئەقلى بۇ جاھاندىن يوقىمايدۇ.

— باشقا گەپ قىلمايمىزمۇ؟ — دېدى خاسىيەت — ماۋۇ سىزنىڭ باغچىڭىز. ئۇدۇل قوشنىمىز بانۇم ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بالا تونۇغۇن مېنى ئىزدەپ كىرىپتىكەن. سالامەت ھەدەمگە دەپ باقسىڭىز، ئەتە ماشىنىسى بىلەن قىزنى كۆچۈرۈشۈپ بەرسە، دەيدۇ.

— بولىدۇ، ئىككىمىز بىللە بارايلى. ھازىر ياشلار قىزنى ماشىنىغا سېلىپ كوچا ئايلىنىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ بارىمەن.

خاسىيەت تەخسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە چىققاندا، ئەخەت ئۇنىڭغا ناھايىتى سەت ئالايدى.

— ھوي، ياغاچ قۇلاق! ئاۋۇ تۇلخوتۇنىنىڭ ئۆيىگە ئاز كىر دەپ ئاغزىم يىرتىلاي دېدى. ئەگەر بۇندىن كېيىن يەنە گەپ ئاڭلىمىساڭ چاتىرىقىڭنى يىرتىپ ماگالماس قىلىۋېتىمەن! — ئەخەت بورالدەك گۈركىرىدى.

— غالجىرلاشما، چاتىرىقىمنى يىرتىپ بولغانغۇسەن. ئەگەر ئۆزەڭنى ئەر چاغلىساڭ ئەركەكتەك ئىش قىل. نوچى بولساڭ سوتقا بار، بارالمىساڭ سالامەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ۋارقىرا، ئۇمۇ ئاڭلىسۇن. گەپنىڭ قىسقىسى ئەخەت، ئەمدى چوڭ گەپ قىلىشنى تاشلا. بۇندىن كېيىن مەن قانداق ياشىغۇم كەلسە شۇنداق ياشايمەن. تەقدىرىم ئۆزەمنىڭ قولىدا! — خاسىيەت سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— مۇشۇ تۇل خوتۇن كەلگەندىن بېرى خېلى ئىش ئۆگەندىڭ جۇمۇ، سەن ھەتتا ھاراق ئىچىدىغان بولۇۋاپسەنا!؟

— پېشانەڭنى بىر سىلىۋەت، ئەخەت. سەن ئۆمۈرۈڭنىڭ يېرىمىنى ھاراقتا چىلىشىپ ئۆتكۈزدىڭ. ئەمدى كېيىنكى ئۆمرۈمدە مەن ئىچسەم نېمە بوپتۇ! ھېلىقى ئاچچىق سوغۇق بولىدىغان قىشلاردا سېنى ئېرىق ئىچىدىن تېپىپ، ھارۋىغا بېسىپ ئەكەلگەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ ئىست، سەن بىلەن ئۆتكەن كۈنۈم، ئەگەر داشۆدە ئوقۇۋاتقان بالىلىرىمنى دېمەيدىغان بولسام سېنىڭ بىلەن بىر كۈنمۇ ئۆي تۇتمايتتىم.

— گاچىدەك ئىنجىقلاپ يۈرىدىغان نېمىتىڭ سەن، مانا ئەمدى خېلى — خېلى ئىشلارنى ئاشۇ سالامەت دېگەن جالاپتىن ئۆگەندىڭ، ئېيتە، شۇنداقمۇ؟!

— جالاپ بولسا نېمە بوپتۇ؟ جالاپنىڭمۇ ياخشىلىرى بارغۇ، مەكتەپكە بىنا سالدۇرغان، مەھەللەڭنىڭ يولىنى ياسىغان ئادەم شۇ جالاپقۇ، سەنمۇ بىر جالاپ. لېكىن سېنىڭ قولۇڭدىن شۇنداق ئىشلار كېلەمدۇ؟!

— ھەي، ماڭقا، تىلىڭنى تارت. ھېلى بىكار ئانامانىڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىۋېتىمەن! ئاتام زاماندىن تارتىپ تۇل خوتۇندىن ياخشى ئادەم چىقمىغان. ئەگەر ئۇ ياخشى ئادەم بولسا ئېرى بىكاردىنلا قوڭغا تېپەت-

تىمۇ؟!

— سىبىنىڭ ئاناڭمۇ تۇل خوتۇنتى، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن! «چالڭ» قىلغان ئاۋاز چىقتى، ئەخمەت خاسىيەتنىڭ يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق ئۇرغانىدى.

خاسىيەت غەزەپ بىلەن كۆزلىرىنى ئېچىپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ئەخمەت ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى.

سالامەت ماشىنىسى بىلەن مەھەللىدىكى قوشنا يىگىتنىڭ توينى كۆچۈرۈشكە ياردەملەشتى. ئەتىسى ئۇ خاسىيەتنى ئېلىپ يىگىتنىڭ ئانىسى بانۇمنى يوقلاپ كىردى.

— ئالدىراشچىلىقتا بازارغا چىقالمىدىم، ماۋۇ پۇلغا باللارنىڭ يېڭى ئۆيىگە بىرەر نەرسە ئېلىپ بېرەرسىز، - ئۇ ئالدىن تەييارلاپ قويغان كونۋېرتنى بانۇمنىڭ ئالدىغا قويدى.

— قارالڭ سىزنى، قەۋەتلا ئاۋارە بوپسىز. ئۆزىڭىزنىڭ كەلگىنىمۇ چوڭ ئىش ئەمەسمۇ، - دېدى بانۇم.

— ئاڭلىسام كېلىنىڭىزنى بەك ياخشى قىزدەيدۇ، ھەر ھالدا ھاردۇقىڭىز چىققان ئوخشايدۇ.

— راستە ھاردۇقىم چىقتى. خۇدايىم باللارنى مۇرادىغا يەتكۈزگەي.

— بەك ياخشى بوپتۇ، - دېدى سالامەت، - بىز ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل، ساددا مىللەت. ساددا مىللەتنىڭ كۆڭلى ئاسانغا توختىمايدۇ. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئەخلاق يەنىلا مۇھىم نەرسە، مەن سىزنى مۇبارەكلەيمەن.

خاسىيەت سالامەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— بانۇم، ئەگەر توغرا تاپسىڭىز مېنى كېلىنىڭىز بىلەن بىر كۆرۈشتۈرسىڭىز؟ - دېدى سالامەت.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، سىزنى باللارنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرەي!

ئۇلار ھۇجرا ئۆيىگە كىرگەندە يېڭى كېلىن ئىزا تارتىپ يەرگە قارىۋالدى.

— بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ سىڭلىم. ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ياشاشقا ئادەتلىنىشى كېرەك. سىزدە بۇنداق ھوقۇق بار. چۈنكى سىز غۇرۇرىڭىزنى يوقاتماي چوڭ بوپسىز. بىر قىز ئۆز غۇرۇرىنى ھاياتىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشى لازىم. غۇرۇر بولغاندىلا مەنىۋى جەھەتتە ئەركىنلىككە مۇھەببەتكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. مانا بۇ ئاياللارنىڭ بەختىنىڭ ئاساسى، - سالامەت سۆزىنى داۋام قىلغاچ، يانچۇقىدىن ئىككى ئالتۇن ئۈزۈكنى چىقاردى - دە، قىزنىڭ قولىغا مەجبۇرى سېلىپ قويدى. - ئۇنتۇپ قالمىغان بولسىڭىز بىز تانسىخانىدا كۆرۈشكەن. شۇ ۋاقىتتا مەن سىزنىڭ غەيرىتىڭىزگە قايىل بولغانىدىم. مېنىڭ بۈگۈنكى قىلىقىمدىن خاپا بولماڭ، خىجىلمۇ بولماڭ. مەن ئاشۇنداق روھى دۇنياسىنى پاكىز تۇتقان قىزلارنى ياخشى كۆرىمەن. ئالتۇن پەقەت ئاياللارنىڭ قولىدىلا پارقىرايدۇ. ھەقىقىي ئىنسان تەبىئىتىنى يوقاتمىغان ئەرلەر قىزلار ئۈچۈن ئالتۇن تاپىدۇ. قىزلار ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدۇ. سىز ئەمدى تۇرمۇشلۇق بولدىڭىز، يولدىشىڭىزنى ھۆرمەتلەڭ. شۇ چاغدىلا ئۇنى كۈندىن كۈنگە ياخشى كۆرىسىز. ئاتا - ئانىڭىزنى ھۆرمەت قىلىڭ. ئاتا - ئانا دېگەن پەرزەنتلەرنىڭ مەنىۋى يىلتىزى. ئۇلار سىزنىڭ بەختىڭىزگە كۆز سالمايدۇ، ناۋادا يۈرىكىڭىز مۇجۇلۇپ يىغلاپ قالسىڭىز بىرىنچى بولۇپ كۆز يېشىڭىزنى ئېتىدىغانلار دەل شۇلار. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنى تاشلىماڭ. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز سىزنىڭ سايىڭىزغا ئوخشايدۇ. ئادەم ھەرگىزمۇ سايىسىز ياشىيالمايدۇ. ئىشنى پاكىز قىلىڭ، ئۆزىڭىزنىمۇ ئالتۇندەك پاكىز، ساپ تۇتۇڭ!

— رەھمەت سالامەت ھەدە، مەن سىزنى تونۇدۇم! - قىز بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ سالامەتنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

توي تەگدىن ئاشتى، لېكىن سالامەتنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ئەخمەت بىلەن بىر ئورۇندا ياتمىغىنىغا خېلى كۈنلەر بوپقالغانىدى. ئۇ ئەخمەتنىڭ بەزى گەپلىرىگە قايىل بولماي تۇرالمايتتى. راستىن سالامەت بىلەن تونۇشقاندىن باشلاپ ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم پايدىلىق مۇھىتتىن پايدىلىنىپ سالامەتنىڭ تارىخىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، سالامەت ئۇنىڭ پىكرىنى باشقا بىر يولغا سېلىپ قويۇپ تۇتۇق

بەرمىدى. خاسىيەتنىڭ چۈشەنمەيدىغىنى، سالامەتنىڭ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئويۇن بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان قىلىقى ئىدى، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن خاسىيەت ھەممە ئىشنى ئۆزىدىن كۆرەتتى. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى قوغلاشماي باشقىچە يول تۇتقان، ئەخمەتنى ئۆز يولىغا قويۇۋەتكەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ھازىرقىدەك مەڭگۈ ئىسسىمايدىغان ئورۇندا ياتمىغان بولاتتى، خالايىق!

ئەخمەت پۇشايماندا قالغانىدى: تۇرمۇشۇم ئەمدىلا ئىزىغا چۈشكەنىدى، نېمىشكە ئۆزەمنى تۇتۇۋالماي ئۇنى بىر شاپىلاق ئۇرغاندىمەن، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى قانداق جىمىقتۇرارمەن، دەپ ئەنسىرەيتتى، لەۋلىرىنى چىشلەيتتى. ئاخىرىدا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سالامەتتىن كۆرۈپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى.

تاڭ ئېتىپ كۈزنى مەسخىرە قىلىدىغان يېڭى بىر كۈن باشلانغاندا سالامەت ماشىنىسى بىلەن شەھەر مەركىزىدىكى كىنوخانىغا كېلىپ، مەخسۇس چەت ئەل تاماكىسى ساتىدىغان دۇكانغا كىردى.

— ياخشىمۇسىز؟ يېڭىلىشمىسام سىز خالىدەم بولىسىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى سالامەت تاماكا ساتقۇچى ئايالدىن.

— شۇنداق، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى، — دېدى خالىدەم قاش-كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

خالىدەم قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان چوكان بولۇپ، ھەممىسلا يېرى ئويناپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى چىرايلىق، ئۆلچەملىك، ئۆزگىرىشچان ئىدى. گۈزەلىنىڭ بىر ئەيىپى بولغاندەك چىرايىدىن بىر خىل قوپاللىق چىقىپ تۇراتتى.

— سىز بىلەن يېرىم سائەت سۆزلەشمەكچى ئىدىم، ئەلۋەتتە يېرىم سائەتتە تارتقان زىيىنىڭىزنى ئۆزۈم تۆلەيمەن!

— نېمە ئىشتى؟

— بىز تانسىخانىدا پاراڭلىشايلى.

ئۇلار تانسىخانىغا كىرىشتى.

— سىزگە ئازراق ھاجىتىم چۈشۈپ قالغان ئىدى.

— نېمە، چەت ئەل تاماكىسى ئالاتتىڭىزما؟

— ياق، باشقا ئىش. سىز ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر كېچە ياتسىڭىز، ھەققىڭىز ئۈچۈن بەش مىڭ سوم بېرىمەن.

خالىدەمنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

— ھەي جالاپ! سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟! — خالىدەم ۋارقىراپ كەتتى.

— ۋارقىرىماڭ. ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمنى قىلمىسىڭىز پۇشايماندا قالىسىز، ئۇ چاغدا يىغلىغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

— سىز كىم بولىسىز، قەيەردىن كەلدىڭىز؟

— ئادەم بار يەردىن كەلدىم.

— ئەمىسە ئادەمنىڭ گېپىنى قىلمامسىزغۇ؟

— بەزىدە ئادەم ھايۋاندەك ياشاشقا توغرا كېلىدۇ.

— كەچۈرۈڭ، تەلىپىڭىزنى ئورۇندىيالمايمەن، قارىغاندا مېنىڭ سىرىمنى بىلىدىغاندەك قىلىسىز. بىر يىل بولدى، ئەخمەتتىن ئۆزەمنى تارتتىم، تەۋبە قىلدىم، مەھەللىگە نەزىرمۇ بەردىم. راست، مەن ئەخمەتنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن ئۇنىڭ خوتۇن-بالىلىرى بار، ئۇنى ئايىمىسام بولمايدۇ.

— سىزدىن بۇنداق ياخشى گەپلەر چىقار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ھەر ھالدا دىلىڭىز يۇمشاق ئايالكەنسىز، — دېدى سالامەت.

— ئادەم دېگەن كۈندىن كۈنگە ئەقىل تاپىدىكەن، — خالىدەم سالامەتكە ئىنچىكە سەپسالدى، — قارىماققا سىز 50 ياشتىن ئاشقاندەك قىلىسىز، نېمىشكە بۇنداق ئىشلار بىلەن يۈرىسىز؟

— ئەڭ ياخشىسى سىز ماڭا نېمىشكە دېگەن سوئالنى قويماڭ. مەن دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر كېچە بىللە يېتىڭ، ھەر جەھەتتىن پايدا ئالىسىز!

— سىزمۇ بىر ئايالغۇ، نېمىشقا بۇ ئىشنى ئۆزىڭىز قىلمايسىز؟

— مېنىڭ قەيىرىم سىزدەك ئاياللارغا ئوخشايدىكەن؟

— راست، سىز ماڭا ئەمەس، ئۆلگەن ئېشەكنىڭ پاچىقىنى قايىنتىپ ئىچىدىغان ئادەمگە ئوخشايدىكەنسىز!- دېدى خالىدەم.

سالامەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاجايىپ خورلۇق ھېس قىلدى. دە، ئالدىدىكى بىر بوتۇلكا پىۋىنى قولىغا ئېلىپ، خالىدەمنىڭ ئېششىپ يوغۇناپ كەتكەن كۆكسىگە بىراقلا قۇيىۋەتتى.

— قىممىرلىماڭ!- دېدى سالامەت ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن خالىدەمنى ئولتۇرغۇزۇپ. - مۇشۇ يەردىن بىر قەدەم ئالدىغان بولسىڭىز كۆزىڭىزنى ئويىۋېتىمەن!

سالامەت سومكىسىدىن مىڭ سوم پۇل ئېلىپ، خالىدەمنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ پۇلغا كىيىم - كېچەك ئېلىڭ، ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئەتىسى سالامەت خالىدەمنىڭ ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى.

— يېڭى كىيىملىرىڭىز بەكمۇ يارىشىپتۇ. ئەگەر تۇنۇگۈن مۇشۇنداق چىرايلىق كىيىنگەن بولسىڭىز ھەرگىزمۇ قوپاللىق قىلمىغان بولاتتىم.

خالىدەم چىرايىنى پەقەتلا ئاچمىدى.

— ماۋۇ بەش مىڭ سوم، - سالامەت بىر باغلام پۇلنى خالىدەمنىڭ ئالدىغا قويدى، - ئەتە شەنبە، ئەخەت بىلەن بىر كېچە بىللە يېتىڭ. ئۇنىڭ ئايالى باشقا يەرگە كېتىپتۇ. ئۆيدىن سەھەردە چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

— مېنى مەجبۇرلىماڭ، مەن توۋۋا قىلغان ئادەم. بىر كۈن بولسىمۇ خاتىرجەم ياشاي.

— ئەلۋەتتە، ئارزۇيىڭىزنى ھۆرمەت قىلىشقا بولىدۇ. بىراق ئادەم ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياشىيالمايدۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى قىلمىسىڭىز سىزنى يىغلىيالماس قىلىۋېتىمەن. چۈنكى بۇ ئىش سىز ئۈچۈن ھېچقانداق غەيرىي ھېساپلانمايدۇ!- سالامەت ئۇنىڭ جاۋابىنى ئالمايلا دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

شەنبە كۈنى سالامەت خاسىيەتنى باشلاپ مېھماندارچىلىققا ماڭدى.

— ئەخەتكە قونۇپ قالىمىز دېگەنىدىڭىز؟ - دېدى سالامەت.

— ھە - ئە، دەپ قويدۇم.

مېھماندارچىلىق ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. تۈن تەگىدىن ئېشىپ ئارام ئالىدىغان چاغمۇ بولدى. لېكىن سالامەت تۇيۇقسىزلا: بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۆيگە قايتىپ ئۆزەمنىڭ دورىسىنى ئىچمىسەم بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى.

ئۇلار سەھەرگە يېقىن قايتىپ كېلىشتى. ھەر ئىككىسى ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. سالامەت قورۇدا خېلى ئۇزۇنغىچە دىققەت بىلەن تۇردى، لېكىن خاسىيەتنىڭ قورۇسىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىدى.

يەكشەنبە كۈنى چۈشتە سالامەت خالىدەم بىلەن يەنە كۆرۈشتى.

— كېچە ئەخەتنىڭ ئۆيىگە بارمىدىڭىزما؟

— بارمىدىم. مەن بۇ ئىشنى كۆپ ئويلىدىم، پەقەت كاللامدىن ئۆتمىدى. سىز ماڭا بەك سىرلىق كۆرۈنىۋاتىسىز، مۇشۇ ئىشقا مېنى ئارىلاشتۇرمىسىڭىز. سىزگە باشقا بىر سىنى تېپىپ بەرسەم.- دېدى خالىدەم يېلىنىپ.

— بۇ ئىشنى سىزدىن باشقا ئايال قىلسا بولمايدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، ھەرگىزمۇ بالاغا قالمايسىز. ماۋۇ بەش مىڭ سومنىمۇ ئېلىڭ، ئون مىڭ سوم ئۈچۈن ئەخەتنى بىر كېچە خۇش قىلسىڭىز يامان بولماس!

— ئەمىسە مەنمۇ سىزگە راست گەپنى قىلاي، سىز باشقا ئايال ئارقىلىق پۈتتۈرۈڭ. خۇدانىڭ ئالدىدا مېنى بىر كۈن بولسىمۇ پاكىز ياشىغىلى قويۇڭ، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئىككىنچى قېتىم رەسۋا قىلماڭ!

— ماڭا تولا گەپ ساتماڭ، خالىدەم، باشقا ئاياللار ئەخەتنى قولغا چۈشۈرەلمەيدۇ. قىسقىسى، سىزنى «سىز» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قېلىڭ! ئەگەر بۈگۈن كېچە ئەخەت بىلەن بىللە بولمايدىكەنسىز، دېگىنىمنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا ئاشۇرىمەن!

— زادى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىسىز، سىرىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— سىر دېمەك، جان دېمەك. مەن نېمە ئۈچۈن

جېنىمنى سىزگە بەرگۈدەكمەن؟!

— سىزنىڭ 10مىڭ سوم پۇلىڭىزنى ئالدىم. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئېيتمىسىڭىز، مېنى قىلدۇ، دەپ خىيال چاغلىماڭ!

— بەس، ئەمدى ئۇشۇق گەپنىڭ ھاجىتى قالمىدى. بۇ ئىشنىڭ سىزگە زىيىنى تەگمەيدۇ. شىرتە بۈگۈن كېچە ئەخەت بىلەن بىللە ياتىسىز، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا خاسىيەت قايتىپ كېلىدۇ، يېتىشتىن ئىلگىرى كىيىملىرىڭىزنى ئەپلىك جايغا قويۇڭ. خاسىيەت كىرگەن ھامان كىيىملىرىڭىزنى ئېلىپ دېرىزىدىن قېچىڭ!

— سىز زادى قەيەردىن كەلدىڭىز؟

— ئادەم بار يەردىن كەلدىم.

— ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سىزگە ئوخشاش ياشامدا؟

— بېرىپ شۇ يەردىكى كىشىلەردىن سورىسىڭىز بىلىسىز.

— مېنى كەچۈرسىڭىز، ئەگەر ئەخەتتىن باشقا ئەر بولسىيا بىر كېچە ئەمەس، ئۈن كېچە بولسىمۇ بىللە بولاتتىم. پەقەت مۇشۇ ئىشتا...

— ئاگلاڭ! بۈگۈن ئىش مەن دېگەندەك بولمايدىكەن مەڭگۈلۈك پۇشايماندا قالىسىز! - سالامەت چىقىپ كەتتى.

خالىدەم ئاستا يەرگە قارىدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن سالامەت خاسىيەتنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. يولدا بىر تونۇش ئادەم ئۇنىڭ ماشىنىسىنى توراپ سورىۋېدى، ناھىيىگە تويغا چىقىمىز، دېدى.

خاسىيەت سالامەتنىڭ مۇشۇنداق ئويۇنتىشلىرىغا كۆنۈپ قالغانىدى. ئائىلە تۇرمۇشى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئەخەتنىڭ بارلىق قىلىقلىرى ئۇنىڭغا ئازابتىن باشقا نەرسە ئاتا قىلالمىغانىدى.

لېكىن سالامەت ئەخەتنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭغا مەنىۋى ئازادلىك ئېلىپ كەلگەنىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى. خالىدەم ئۆتكەن كۈنلەردىكىگە ئوخشاش ئەخەتنىڭ قورۇسىغا كىردى. ئۇ بۇ غەيرەتكە

ئاسان كەلگەن ئەمەس، بەلكى ناھايىتى كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە پايدىسى تېگىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئىدى.

— ھوي، سەن... سەن، قانداقلارچە كېلىپ قالدىڭ؟- دېدى ئەخەت بىردىنلا چۆچۈپ.

— ھە، ئۆيدە بىرەرسى بارمىدى، نىمانچە قورقىسەن؟

— مېنى تاشلاپلىۋەتتىڭغۇ، قېرى. سەن بارمىغان بىلەن مەن كېلىمەن! - خالىدەم ۋارقىرىدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، باشتا ئۆزەڭ قاچتىڭغۇ مەندىن. ئەسكىلىكىڭمۇ چېكى بولىدۇ دەۋاتاتتىڭ...

— ئايال كىشى دېگەن ئۈنچىلىك دېمەمدۇ، قېرى. بىر يىل بولدى، ساڭا پەقەت چىدىمىدىم. ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا نېمانچە قىلاتتىم. يۈرىكىم كۈندىن كۈنگە سولىشىشقا باشلىدى. چىرايىمغا قاراپ باقە قېرى. جىن سېيىۋەتكەندەك بولۇپ كەتتى. يا يىگىنىم، يا كىيگىنىم ھېچ بىلىنمەيۋاتىدۇ. - خالىدەم گېپىنى داۋام قىلغاچ ئۆزىنى ئەخەتنىڭ قوينىغا ئاتتى.

— ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يەيدىغان گۈيدە سەن، بولدى قىل، بۈگۈن بولمايدۇ. خاسىيەت ھازىر قايتىپ كېلىدۇ.

— گەپ ساتما، قېرى، مەن سېنىڭ ھەر بىر ئاچچىق ئۇچىيىڭگىچە بىلىمەن. ئايالىڭ بۈگۈن قايتىپ كېلىدىغان بولسا مېنى بايىلا ئۆيگە كىر گۈزمەيتتىڭ.

— سەن تېخى ياش، ئۆزەڭنى ئايا، مېنىمۇ ئايا. ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم ئايالىم ئۇنىمايدۇ. بۇندىن كېيىن مېنى ئىزدىمە.

— ھەي تۈلكە، تولا چىشىمغا تەگمىسەڭ بولامدىكىن. ئۈن كۆڭلۈمنىڭ توققۇزىنى غازاڭ قىلىۋەتتىڭ، ئەمدى كىم ئالىدۇ مېنى. خەقلەر ئالدىمدا كۈلگەن بىلەن كەينىمدىن جالاپ دېسە، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ نېمە مەنىسى بولىدۇ. سەن مەندىن قۇتۇلىمەن دەپ خىيال چاغلىما. مەن چوقۇم مۇشۇ قورۇغا ئىگە بولىمەن.

— بىز بۇ گەپلەرنى قىلىشىپ بولغانغۇ، يەنە نېمىشقا كونا خامانىنى سورۇيسەن؟ بۈگۈن نېمىشقا كەلدىڭ، چاققان ئېيتە

— بۇگۈن سەن بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ياتىمەن، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېلىشىم بولىدۇ. - دېدى خالىدەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇنداق گەپنى ماڭا بىر نەچچە يۈز قېتىم ئېيتقانسەن. ئەگەر مۇمكىن بولسا بىرەر يېرىمىنى ساڭا كېسىپلا بەرگەن بولسام، ھە؟ - دېدى ئەخەت.

— رەھمەت، ئەخەتخان.

— ئەرنى كۆرسەڭ جېنىڭدىن كېچىدىغان ئايالدە سەن.

— بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم، ئەخەت. ئەڭ ئاخىرقى... خالىدەم ئەخەتنى قۇچاقلىۋالدى...

سالامەتنىڭ چىرايلىق كىچىك ماشىنىسى تۈپتۈز ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتاتتى.

— مېنىڭچە سالامەت، ئادەم بەك ئاق كۆڭۈل بولۇپ كەتسە نۇرغۇن ئىشلاردا زىيان تارتىدىكەن. مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئەخەتنى ئادەم بولۇپ قالار، مېنى دېمىسىمۇ بالىلىرىنىڭ يۈزىنى قىلار، دەپ ئويلاپ كەلدىم. لېكىن ئۇ ئۆزىنى تەلتۆكۈس ئۇگىشۋالالمىدى، ئەسكى قىلىقلىرىدىن قالمىدى. بۇ جاھاندا ياشىماق بەكمۇ قىيىنكەن، بولۇپمۇ بىز ئاياللار ئەرلەر بار ماكاننىڭ غالچىسى بولۇپ ياشايدىكەنمىز. - دېدى خاسىيەت ھەسرەت چېكىپ.

— ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمىساق، ئۆچ ئېلىشنى ئۇنۇتساق، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى نام - شۆھرەت ۋە مەنپەئەت. بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر پادىشاھ بىر كۈنى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، شەھەر ئىچىدە ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراپ يۈرگەن پۇقرالارنى كۆرۈپ ۋەزىرىدىن سوراپتۇ: «بۇ كىشىلەر نېمە ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈپ يۈرىدۇ؟» ۋەزىر دەرھال ئېگىلىپ «ئۇلار نام- شۆھرەت ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن يۈگۈرۈشىدۇ، ئالىيلىرى.» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئادەم دېگەننىڭ پۈتۈن مەقسىتى ئەنە ئاشۇنداق، ئالىمىمۇ مەنپەئەت دەيدۇ، دېۋانىمۇ مەنپەئەت دەيدۇ. ئەلۋەتتە، چەكسىز ئاق كۆڭۈل، ئالىيجاناب كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. لېكىن ئۇنداق ئادەملەردىن پۈتۈن بىر ئەسىردە بىر ياكى ئىككىسى چىقىدۇ. راست، ئۇ خىلدىكى ئادەملەر، بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا خېلى كۆپ خالاس!

— ئىلگىرى بۇنداق ئىشلارنى ئويلايباقماپتىكەنمەن، ئەسلىدە بۇ جاھاننىڭ نېنىنى تالىشىپ تۇرۇپ يېيىشكە توغرا كېلىدىكەن ئەمەسمۇ. ئاق كۆڭۈل ئادەملەرمۇ ئۆز يولىدا ياشايدىكەنۇ، مۇرادىغا يېتەلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كىشىلەرنىڭ كارى بولمايلا قالماي، مەنىۋى ئىزدىنىشلىرىگىمۇ ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن. ئەكسىچە ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن چىپىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ قەدرى بولىدىكەن، باشقىلارنىڭ قېنى بىلەن ئۆزىنىڭ پاسكىنا يولىنى داۋام قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى نەزەرگە ئېلىنىدىكەن. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا مۇھەببەتنىمۇ، نەپرەتنىمۇ بىلىدىغان، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن رەزىللىككە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان كىشىلەرنى بەختلىك كىشىلەر دېسە بولىدىكەن!- دېدى خاسىيەت.

— شۇنداق، - سالامەت چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

ئۇلار ناھىيىدىكى تويغا كېلىشتى، تاماقتىن كېيىن مېھمانلارغا ئارىلىشىپ كۆڭۈل ئېچىشقا چۈشۈپ كەتتى.

دەل يېرىم كېچە بولغاندا، سالامەت تۇيۇقسىزلا «ۋاي بېشىم!»دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— دورىڭىزنى ئېلىۋالمىغانمىدىڭىز؟- دېدى خاسىيەت.

— ياق، خاسىيەت، كەتمەك بولمىدى. سىز ئامال قىلىپ بىر شوپۇر تېپىڭ، چاقچان ئۆيگە كېتىۋالايلى.

خاسىيەت توي ئىگىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر شوپۇر تاپتى. شوپۇر سالامەتنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۇلارنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويدى.

— سالامەت، دورا قەيەردە؟

— دېرىزە تەكچىسىدىكى قۇتىدا.

خاسىيەت دورىنى تېپىپ، تىرمۇستىن قايناقسۇ قويۇپ سالامەتكە ئۇچۇردى.

— بۈگۈن سىزگە ھەمراھ بولۇپ يېتىپ قالاي،- دېدى خاسىيەت.

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ. مەن ھازىرلا ياخشى بولۇپ كېتىمەن، سىز چىقىۋېرىڭ.

خاسىيەت چىقىپ كەتتى. سالامەت دەرھال تەلىنىڭ ئاستىدىكى دورىنى ئېلىپ تاشلاپ تالاغا چىقتى.

خاسىيەت ئۆيگە كىرىپ چىراقنى ياقتى. قوش كىشلىك كارىۋاتتا ئەخەت بىلەن خالىدەم بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلاشقىنىچە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

خاسىيەت يېقىلىپ چۈشۈشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتىۋېلىپ، سەنتۈرۈلۈپ ماڭغىنىچە بېرىپ، يوتقاننى ئېچىۋەتتى. خالىدەم چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى -دە، خاسىيەتنى ئىتتىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ كىيىملىرىنى ئالدى. ئاندىن دېرىزىدىن چۈشۈپ كۆزدىن غايىپ بولدى. ئەخەت ئىشتىنىنى تاپالماي تەمترەپ قالغانىدى.

خاسىيەت ئۈن سېلىپ ۋارقىراشقا باشلىدى. سالامەت قورۇسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

ئەتىسى قاپاقلىرى غورىدەك ئىششىپ كەتكەن خاسىيەت سالامەتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بوغۇلۇپ يىغلىغىلى تۇردى.

— نېمە بولدى؟- سورىدى سالامەت ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتتە.

— ئەمدى ئۇ پاسكىنىدىن ئاجرىشىپ كەتمىسەم بولمىدى.

— ئاجرىشىپ كېتىمەن؟نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، خاسىيەت. بىر ئۆيدان ئۆي تۇتىۋاتىسىلەرغۇ؟!- دېدى سالامەت چىرايىغا ھەيرانلىق تۈسىنى بېرىپ.

خاسىيەت سالامەتكە ئۆيىدە بولغان ئىشنى ئېيتىپ بەردى.

— بىرەر يىل بولغان، يامان نېيىتىدىن قالغاندەك قىلغانىدى، تاسما يېگەن ئىت خۇيىدىن قالمىغاندەك ئاخشام يەنە يوقىنى يەپتۇ.

— تۇۋۇۋا، مەن ئەخەتنى ئۇنداق قىلار دەپ ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن. بەزىدە كۆزۈمنىڭ ئۇچىگە قاراپ تۇرىۋالسا، نېمانداق قىلىدىغاندۇ دەپتىكەنمەن. گۈلدەك خوتۇنى تۇرۇپ قىلغان ئىشنى ئۇنىڭ.- دېدى سالامەت غەزەپلەنگەن بولۇپ.

— ئەمدى ئۇ ئۆيگە ئىككىنچى دەسسىمەيمەن. خاپا بولمىسىڭىز سىز بىلەن بىر مەزگىل تۇراي. باللار داشۆدە ئوقۇۋاتىدۇ، ئۇلار مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ بۇزۇقتىن ئاجرىشىپ كېتىمەن.

— ئەر خەق بۇزۇلسا ساراڭلا بولىدۇ، كۆزىگىمۇ ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. بۇ ئىشقا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى. 30 نەچچە يىل ئۆي تۇتۇپسىلەر، ئەخەت ياخشى بولۇپ قالار، بۇنداق ئىشتا ئالدىرىمىغۇلۇق، 50 ياشتىن ئاشقاندا ئاجرىشىپ نېمە كەتتى!

— ياق، سالامەت. ئەمدى چىدىيالمايمەن، ئەخەت مېنىڭ غۇرۇرۇمنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ بولدى.

— ھەر ئادەمدە بىر كاللا، مەن - مەن دېگەن ئادەم خەقلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ ئاخىرىغا ئەچىقالمىغان. ئەگەر ھەقىقىي ئاجراشقىڭىز بولسا باللارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈشىگە قاراپ نېمە قىلىسىز؟

كۈنلەر ئۆتىدۇ، گەپ - سۆزمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىم قەتئىي قارارغا كەلگەن بولسىڭىز مېنىڭ قېشىمدا يېتىڭ. سوتقا بارىدىغان ئىشلىرىڭىزغا مەن ياردەملىشىمەن.

خاسىيەت ئۈچ كۈندىن كېيىن سوتقا بارىدىغان بولدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئەخەت سالامەتنىڭ يالغۇز ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئەخەت ئازراق هاراق ئىچىپ قىزىۋالغانىدى.

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سەن -بالاپ قىلغان. سەن كەلمىگەن بولساڭ تۇرمۇشۇم بۇنداق قالايمىقان بولۇپ كەتمەيتتى. سەن ...سەن، دۇنيا بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك جالاپ، كۆتۈڭنىڭ قىرى قالمىغان جالاپ. ئۆلتۈرۈۋېتىمەن سەن جالاپنى، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!...

—ۋارقىرىماڭ، ئەخەت، بىر تۇل خوتۇننىڭ قورۇسىغا كىرىپ ۋارقىرىسىڭىز، ئاڭلىغانلار سىزنى ئەيىبلەيدۇ. راست، مەن جالاپ، بۇنىڭغا ئىقرارمەن، لېكىن مېنى ئۆلتۈرىمەن دېگەن گېپىڭىزگە قوشۇلالمايمەن. مەن تېخى ياشايمەن، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىمەن. قېنى دەگە، ئەخەت، سىز چوڭ بولۇپ بىرەر چۈشىنى ئۆلتۈرۈپ باققانمۇ؟...

— ھۇ، قېرى جالاپ...

سالامەت ئىتتى قويۇۋەتتى، ئىت ئەخەتنى قورۇدىن قوغلاپ چىقاردى.

ئەتىسى ئەخەت مەھەللىنىڭ ئايىقىدا خاسىيەتنى ئۇچرىتىپ ئۇنى تۇتىۋالدى.

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سالامەت قىلىۋاتىدۇ، بىز 30 نەچچە يىل ئۆي تۇتتۇق، سەن ئاجرىشىمەن دېگەن گەپنى قىلما، بۇندىن كېيىن ئەسكى

قىلىقلىرىمنى تاشلايمەن.

— بۇنداق گەپلىرىڭنى جىق ئاڭلاپ كەتتىم، ئەخمەت. لېكىن يەنىلا يوقۇڭنى يەپ كەلدىڭ. بۇرۇن سەن ئاجرىشايلى دېگەن، تەلەپنى قويغاندا قوشۇلمىغانتىم، سۆز - چۆچەكلەر قالارمەنمىكىن دەپ نومۇس قىلغانىدىم. ئەمدى ھېچنەرسىدىن قورقمايمەن، ئىلگىرى سەن ئۈچۈن، بالىلىرىم ئۈچۈن ياشىغان بولسام، ئەندى ئۆزۈم ئۈچۈن ياشايمەن. يەنە كېلىپ ئەركىن ياشاش يولىدا تىرىشىمەن. ئاجرىشىپ كەتسەك سەنمۇ ئازاد بولىسەن، سېنى ھېچكىم ئۇنى قىلدىڭ، بۇنى قىلدىڭ دەپ ئاۋارە قىلمايدۇ.نېمە قىلىمەن دېسەڭ قىلالايسەن. ئىلگىرىكى ئاچچىق كۈنلەرنى ئۇنتۇش ئۈچۈن بىز چوقۇم ئاجرىششىمىز كېرەك.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇلار نىكاھتىن ئاجراشتى. ئەخمەت قورۇ - جاينىڭ يېرىمىنى كاۋاپچىلىق قىلىپ باي بولغان بىر بالىغا سېتىپ، شۇ پۇل بىلەن خاسىيەتنى رازى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خاسىيەت ئەخەتتىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن نەپرىتىنى خاتىرىلەپ كەلگەن قورۇ - جايدىن، ئۆزى ئۆستۈرگەن گۈللەردىن ئايرىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى.

خاسىيەت سالامەتنىڭ ئۆيىگە كىردى، ئىككى ئايال يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى. تانسخانا ئۇلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جايغا ئايلانغاندى.

— خاسىيەت، كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئاڭلىسام ئەخەت بىرسى بىلەن توي قىلارمىش. راستلا شۇنداق بولسا، بۇ ئىش سىزنىڭ كەيپىياتىڭىزغا تەسىر يەتكۈزەمدىكىن، دەيمەن!

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ. - دېدى خاسىيەت. - بىز ئاجرىشىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىغا پەقەت قىزىقمايمەن.

— ئەمسە، توي قىلغۇڭىز يوقكەندە؟

— شۇنداق.

— ئەگەر ھەر جەھەتتىن سىزگە باپ كېلىدىغان ئادەم چىقسا توي قىلغىنىڭىز تۈزۈك.

— ماڭا كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت. لېكىن سىز ئېيتقاندەك بىر ئەرگە ئېرىشىش مەن ئۈچۈن بىر چۈش.

— ياق، چۈش ئەمەس. ھېلىقى ئىسمايىل دېگەن ئادەم سىزگە تازا باپ كېلىدىغۇ؟

خاسىيەت بىردىنلا جىمىپ قالدى.

— بۇ ئىزا تارتىدىغان ئىش ئەمەس، خاسىيەت، ھازىرقى زاماندا كىشىلەر پالانى خوتۇندىن ئاجرىشىپتۇ، پۈستانى ئەرگە تېگىدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن گەپلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ.

بىر ئەر كىشى كېلىپ خاسىيەتنى تانسغا تارتتى.

سالامەت ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي ئىسمايىل ئولتۇرغا بەرگە باردى. ئۇ قولىدا بىر ئىستاكان پىۋا كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى.

— تېنى، بىر رەت سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋېتەيلى. - دېدى سالامەت ئىستاكاننى ئىسمايىلنىڭ ئالدىغا تەڭلەپ.

ئۇلار قوللىرىدىكىنى ئىچىشىپ بولغاندىن كېيىن، پاراڭغا چۈشتى.

— سىز ئاياللارنىڭ ئەلچى بولغىنىنى ئاڭلىغانمۇ؟ - دېدى سالامەت.

— ياق.

— ئىسمايىل، تونۇشقىنىمىزغا خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى. بىر گەپنى قىلسام قانداق ئايال بۇ، دەپ قالماڭ. ئادەتتە مەن كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنمىگەن ئادەمگە ئوشۇق گەپ قىلمايمەن. دېمەكچى بولغىنىم: قايتا ئۆيلەنگىڭىز بارمۇ؟

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز ھوي، سالامەت.

— چاقچاق قىلىۋاتمايمەن. ئەگەر توي قىلغۇڭىز بولسا ئەلچىلىكنى ئۆزۈم قىلاي، دېگەن.

بۇ يىل 52 ياشقا كىرىپتىمەن، - دېدى ئىسمايىل، ئايالىم بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن. ئاغىنىلىرىم نەچچە قېتىم ئۆيلەپ قويىمىز دەپ يۈردى. لېكىن بالىلىرىم ئۇنىمىدى. ئۇلار، دادام ئۆيلەنسە ئاپامنىڭ روھى جىم ياتمايدۇ، يەنە كېلىپ قورۇ - جاي باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەيدىكەن.

— بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىش ئاسان. سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى ئازاد قىلىشىڭىز كېرەك. ئويلاپ بېقىڭە، بالىلار سىزگە ئۈچ ۋاق تاماق ئېتىپ بېرىدۇ، باشقا نۇرغۇن ئىشلىرىڭىزغا ھەمكارلىشالامدۇ؟ يالغۇز ئەرنىڭ كۈنى كۈن بولمايدۇ، جۇمۇ!

— مەقسىتىڭىزنى چۈشەندىم، سىز ماڭا خاسىيەتنى سايە قىلىۋاتىسىزغۇ، دەيمەن؟

— شۇنداق.

— ئۇغۇ ياخشى ئايال.

تانسخانا ناھايىتى قىزىپ كەتتى.

سالامەتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ھەممە ئىش جايىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە خاسىيەت ئىسمايىل بىلەن توي قىلدى.

مەھەللە ئىچىدە، سالامەت بىلەن ئىسمايىلنىڭ

تونۇشلىرى، تۇغقانلىرى ئارىسىدا خىلمۇ - خىل سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى. لېكىن سالامەت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىمىغان بولۇۋالدى.

ئەخەت ھەر كۈنى مەست يۈرەتتى، ئاغزىغا كەلگەن سەت گەپلەر بىلەن سالامەتنى تىللايتتى. كۆز بۇ ئىشلارنى كۆرمىگەندەك ھېچنېمە دېمىدى.

بىر كۈنى كەچتە، ئەخەت سالامەتنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولدى.

— سىزنىڭ مەقسىتىڭىز ئەمەلگە ئاشتى. ھازىر سىز ئەخەت قاچان توي قىلىش تەلىپىنى قويار كىن، دەۋاتىسىزغۇ، دەيمەن؟ - ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغاچ سالامەتنى مەسخىرە قىلدى.

— شۇنداق ئەخەت، سىز نېمە ئۈچۈن ماڭا تەلەپ قويمايسىز؟

مەن بۇ ئىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.

— ياخشى ئويلاشمىسىڭىز بولمايدۇ. چۈنكى سىز بىر ئايال بىلەن قانائەتلىنىپ قالمايسىز.

— توغرا ئېيتتىڭىز، بۇ ئىشنى كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلى. سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئېيتماي قوياي. بوپتۇ، بۈگۈن بىر كېچە مەن بىلەن يېتىۋېلىڭ، چىرايىڭىزغا كىچىككىنە قان يۈگۈرسۇن.

— مېنىڭ ئىتمىنىڭ سىزدەك ئەرلەرنى تېگىگە بېسىپ ياتىدىغان ئىشنى بىلمەيسىزغۇ دەيمەن. ئەگەر بەك ياتقۇڭىز كەپكەتكەن بولسا، بېرىپ ئىتىم بىلەن مەسلىھەت قىلىڭ!

ئەخەت سالامەتنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

بىر كۈنى كەچتە سالامەت ئۆز ئۆيىدە خاسىيەت بىلەن ئىسمايىلنى كۈتۈۋالدى.

— ياخشى، تۇرمۇشىمىز ناھايىتى ياخشى، مەنىلىك ئۆتۈۋاتىدۇ، - دېدى خاسىيەت خۇشخۇي ھالدا. - سىز بولمىغان بولسىڭىز بىز مەڭگۈ بىر ئۆيدە ياشىيالمىغان بولاتتۇق. شۇنىڭدىمۇ ئازراق ئۇگۇشسىزلىقتا ئۇچرايدىغاندەك تۇرىمىز.

— بىرەر ئىش بولدىما؟

— باشقا ئىش ئەمەس، - دېدى ئىسمايىل. - باللىرىم خاسىيەتنى خاپا قىلىپ قويىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ئەمىسە، قانداق قىلايلى دەۋاتىسلەر؟ - دېدى سالامەت. - بولمىسا كۆچۈپ باشقا يەرگە بېرىپ ئولتۇرامسىلەر؟

— قورۇ - جاينى سېتىۋېتەيمىكىن، دەيمەن. باللارغا بېرىدىغاننى بەرسەم، ئۆزەمگە قالىدىغىنىغا كىچىكرەك بىر قورۇ - جاي سېتىۋالسام، باللار چوڭ بولۇپ كەتتى، ئەمدى ئۇلاردىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆزەمنىڭ كۈننى ئۆزەم ئالالمىدىمەن.

— بۇ ئويىڭىز بولىدىكەن، - دېدى سالامەت. - سىزچىچۇ خاسىيەت؟

— قوشۇلىمەن، مەندىكى پۇلنى قوشۇپ بىر قورۇ - جاي سېتىۋالايلى.

— مېنىڭ قورۇ - جايىمنى ئېلىڭلار، ماڭا يول چىقىپ قالدى، تۇركىيىگە بارىدىغان بولدۇم، پاسپورتۇممۇ چىقتى. مۇشۇ قورۇنى سېتىۋالساڭلار كېيىن غۇلجىغا كەلسەممۇ ئۇدۇل ئىزدەپ كېلىدىغانغا ياخشى.

— كېتىدىغان بولدىڭىزما؟ - خاسىيەت ھەيران بولدى.

— شۇنداق، بۇ يەردە تازا ئوبدان دىم ئالدىم. ئەندى كەتمىسەم بولمايدۇ. بۇ قورۇنى سېتىۋالساڭلار خاسىيەتكە بەك ئوڭ كېلىدۇ. باللار داشۆنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن كۆرۈشۈشكىمۇ قولايلىق بولىدۇ. ھە، راست، ئۇلارغا ئەھۋالىڭىز توغرىسىدا خەت يېزىۋەتكەنسىز؟

— ياق، خەت يازمىدىم.

ئىسمايىل خاسىيەت بىلەن بىر ھەپتىدەك مەسلىھەت قىلىشتى. نەتىجىدە ئۇلار سالامەتنىڭ قورۇ - جايىنى ئالىدىغان بولدى.

ئىسمايىل ئۆز قورۇ - جايىنى سېتىۋېتىپ پۇلىنى باللىرىغا بۆلۈپ بەردى. ئۇ مىڭ جاپادا چوڭ قىلغان بۇ باللار قىسقا ۋاقىت پارقىراپ تۇرىدىغان نەرسە ئۈچۈن، ئەڭ قىممەتلىك يەنە بىر نەرسىنىڭ يىلتىزىنى سېتىشقا سەۋەبچى بولدى. ئەلۋەتتە، باللىرىنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق سەۋەپلىرى بار ئىدى. لېكىن ئۇلار پەقەت ئېغىزىدىلا يېتىلگەن بولۇپ ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ سۈيىنى تېخى كېچىپ باقمىغانىدى.

سالامەت قورۇ - جايىنى ئىسمايىلغا سېتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئىتىنىمۇ ئۇنىڭغا قالدۇردى، ماشىنىسىنى باشقا بىرسىگە سېتىۋەتتى. ھەممە ئىش بېسىقىغا چۈشتى، بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇ دەرۋازىنى ئاستا ئېچىپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي مەھەللىدىن چىقىپ كەتتى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ تازىلىقچى ئايال قىنىيابىتىدە ياسىنىپ چوڭ بىر دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدە پەيدا بولدى ۋە دوختۇرخانىدىكى تازىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشىنى تېپىپ ئىش تەلەپ قىلدى.

— سىز ئىلگىرى تازىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ كۆرگەنمۇ؟ - دېدى مەسئۇل كىشى.

— قىلغان، - دېدى سالامەت. - مەن بىر تۇل خوتۇن، يولدىشىم نەچچە يىل ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتكەن.

بالامۇ يوق. بۇرۇن باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى بېقىپ جان باقاتتىم. بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىشسىز قالدىم.

—ئۇنداقتا، ياتقىدەك يېرىڭىزمۇ يوقكەندە؟

— شۇنداق.

— ماقۇل، سىزنى ئىشلىتەيلى، دوختۇرخانىنىڭ ياتاق ئۆيىدە يېتىڭ. ئايلىق ئىش ھەققىڭىز 120 سوم بولىدۇ، باشقا پىكرىڭىز بارمۇ؟

— يوق، رەھمەت سىزگە.

ئەتىسىدىن باشلاپ سالامەت خىزمەت كىيىمىنى كىيىپ ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھەدېگەندىلا بېشىنى كۆتۈرمەي ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى...

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە سالامەت قولىغا قەلەم ئېلىپ ئەخەتكە خەت يازدى.

« مېنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك نەپرىتىمنىڭ مەنبەسى بولغان ئەخەت، - دەپ باشلىدى ئۇ خېتىنى، - سىز بۇ خەتنى ھەرگىزمۇ كۈتمىگەن بولغىيتىڭىز، چۈنكى مەن 30 يىلدىن كېيىن ئالدىڭىزدا پەيدا بولغاندا، سىز قەيەردىن، نېمە قىلغىلى كەلدىڭىز؟ دەپ سورىيالمىدىڭىز. مەن سىزنى ئۆلدىمىكىن دېگەنىدىم، ئەمەلىيەتتە ياشاۋېتىپسىز. غۇرۇرسىز ياشاۋېتىپسىز. بۇ تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنلىك بولماي نېمە؟!

30 يىل ئۆتۈپ كەتتى، سىزنى بىر كۈنمۇ ئۇنۇتمىدىم، نېمە ئۈچۈنلىكىنى سىز ياخشى چۈشىنىسىز. داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن سىز يۇرتقا كەتتىڭىز، مەن بىزنى ئەسىر قىلغان ئاشۇ گۈزەل شەھەردە قالدىم، مەقسىتىمنى بىلمۋانامسىز ئەخەت، سىز بۇ خەتتىن مېنىڭ ئۆتكەنكى 30 يىلىمنى كۆرىسىز.

خىزمەتكە چىقىپ ئىككىنچى يىلى مەن بىرىنچى يولدىشىم نۇرمەھەممەتكە تەگدىم. ئۇ ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان، بىلىملىك، تۇرمۇشنى سۆيىدىغان، دوستلىرىغا كۆيۈنىدىغان، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىدى. كىشىلەر بىلەن ئاسانلا چىقىشاتتى. تاغ - دەريالار بىلەنمۇ ئاغىنە بولالايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا يات ئادەم، يات ماكان يوق ئىدى. سىز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىسىڭىز ئارام ئېلىپ قالاتتىڭىز. كۆزلىرى ئارقىلىق روھى دۇنياسىدىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى ۋە ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان، مېۋىگە تولغان ئالتۇن كۈزنى كۆرەلەيتتىڭىز. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئون يىل ئۆي تۇتتۇم، ئون يىل جەريانىدا ئۇ مېنى كەچۈرمىدى. ھاراق ئىچىۋالسىلا مېنى قاتتىق ئۇرۇپ باش - كۆزلىرىمنى ئىششىتىۋېتەتتى. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپلا پۇشايمان قىلاتتى - دە، مەندىن ئەپۇ سوراپ، چىن قەلبىدىن سۆيىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئىزھار قىلاتتى. لېكىن تۆت كۈندىن كېيىن يەنە ھاراق ئىچىپ كېلىپ، ئاشۇ ئىشنى ئېغىزىغا ئېلىپ مېنى ئۇراتتى. ئىككى بالام ئەنە شۇنداق مۇھىت ئاستىدا ئۆستى. ھاراق ئىچسىلا ئۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى بىلىشنى قاتتىق ئارزۇ قىلاتتى. تاياق ئارقىلىق ئېيتقۇزماقچى بولاتتى. ئەمما مەن ئېيتمايتتىم. چۈنكى ئۇ بىلىپلا قالسا سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايتتى. مەن بۇ ئىشنىڭ بالاسىنى ئۆزەملا كۆتۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ چىشىمنى چىشلەپ تۇرىۋالاتتىم. دەسلەپتە مەن نۇرمەھەممەت يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىشكە نىيەت قىلغان ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئارزۇ كۈندىن كۈنگە كۈچەيدىكى، پەسەيمىدى. ھاراق ئىچىپ كېلىپ مېنى دەپسەندە قىلىدىغان ئىشنى تاشلىمىدى. نەتىجىدە مەن ئاجرىشىپ كېتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، ئۇ قوشۇلمىدى. ئەمما مەن بۇنداق كېتىۋەرسەم بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى ئۇنىڭ تايىقى ئاستىدا ئۆلىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم - دە، قەتئىي ئاجرىشىمەن دەپ تۇرىۋالدىم. بىز ئاخىرى نىكاھتىن ئاجراشتۇق. ئۇ بالىلارنى ماڭا بەرمىدى، مەن ئۆزەمگە تېگىشلىك قىسمەن نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنىڭغا ئىقرارمەنكى ئۇ كەم ئۇچرايدىغان ياخشى يىگىت ئىدى، باشقا تەرىپى ئەمەس يالغۇز ئۇنىڭ كۈلكىسىنىمۇ سىزگە ئوخشاش مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان لەقۋالارغا تېگىشكىلى بولمايتتى. مانا بۇ بىرىنچى يولدىشىم نۇرمەھەممەتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى.

نۇرمەھەممەت بىلەن ئاجراشقاندىن كېيىن مەن، سالاچىلارنىڭ يول مېڭىشى بىلەن ھەسەنجان ئىسىملىك بىر ئادەم بىلەن تۇرمۇش قۇردۇم. ئۇ ئايالىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئادەم ئىكەن، بىر بالىسى يېنىدا ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئون يىل ئۆي تۇتتۇم، بىر بالا تۇغدۇم. ئۇ بەك باي ئادەم ئىدى، ئەل - ئاغىنىلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئەڭ ياخشى يېرى ھاراق ئىچمەيتتى، ئەڭ يامان يېرى بۇزۇق ئاياللارنىڭ كەينىدىن چىقمايتتى. ئۆيدە يوق بولۇپ قالسىلا بۇزۇق ئاياللارنى باشلاپ كېلىپ مېنىڭ ئورنۇمدا ياتقۇزاتتى. نەتىجىدە ئۇ ئون يەتتە ياشلىق بىر قىزنىڭ قورسىقىنى ئىششىتىپ قويۇپ، ئۇنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. مېنى بولسا پۇل بىلەن يولغا سالدى. پۇل بۇزۇق ئەرلەرنىڭ قولىغا چۈشسە ئۇلارنىڭ چاتىرىقىنى يوغۇنىتىۋېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ مەن ھەسەنجان بىلەنمۇ ئاجراشقان بولدۇم.

مۇشۇ ئىشلاردىن كېيىن مەن قەتئىي ئەرگە

تەگمەيمەن، دەپ قەسەم ئىچتىم، لېكىن ئۆزەم ناھايىتى تەس كۈنگە قالدىم. سەۋەبى، ھېچقانداق گۇناھ قىلمىغان بولساممۇ، باشقىلار ئارقامدىن تۈرلۈك گەپ - سۆزلەرنى توقۇپ تارقىتاتتى، بەزىلەر جالاپ، دەپ تىللايتتى. بەزىدە بۇزۇق ئەرلەر ئىشىكىمنىڭ ئالدىدا تۇرىۋالاتتى، بىكاردىن بىكارغا جالاپتىن - جالاپقا سېلىپ تىللاپ قويۇپ كېتەتتى.

بېشىمغا كېلىۋاتقان ئىشلارغا قاراپ، مەن شۇنى ھېس قىلدىم: ئىتقا ئوخشاش ياشايدىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى بەختسىز تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق كۆلگە پېتىپ قالغان بىچارە ئاياللارنى جالاپ دەيدىكەن. راست، ئەرلەر ھەقىقەتەن جاھاننىڭ تۈۋرۈكى بولالايدۇ، لېكىن، ئۇلاردىكى بىردىنبىر ئاجىزلىق بىر ئايالنىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە شۇ ئايالنى دەپسەندە قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئىكەن. ئەسلىدە خۇدا ئىنسانلارنى ئەر ئايال قىلىپ ياراتماي، ھەممىسىنى ئايال ياكى ئەر قىلىپ ياراتقان بولسا...

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، لېكىن كىشىلەر مېنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. ئۇلار مېنىڭ توغرامدا يات - يېڭى خەۋەرلەرنى پەيدا قىلىپ تۇراتتى. بۇنداق بولۇشىغا سەۋەب بولىۋاتقان نەرسە، مېنىڭ ھەر تەرەپتىن كېلىشكەن گۈزەل چىرايىم ئىكەنلىكى ئۆزەمگە ئايدىڭ ئىدى.

تىنچ تۇرمۇشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، خىزمەتتىن چېكىنمەكچى بولدۇم. چۈنكى ئىدارىدىن ئايرىلسام، باشقا يەرگە بېرىپ تىجارەتچىلىك بىلەن جان باقسام كىشىلەر مېنى ئۇنچىۋالا ھاقارەتلەپ كەتمەيتتى. مەن مۇنداق بىر غەيرىي ھەقىقەتكە ئىگە بولدۇم. ئادەم باي بولسا، پۇل تاپسا جەمئىيەتتە ئورنى بولىدىكەن، ھەققىي جالاپلىق قىلسىمۇ كىشىلەر ئۇنى جالاپ دېمەيدىكەن. تېخى ئۇ ئالىيجاناپ ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىكەن.

ئاخىرى پۇل تېپىش ئۈچۈن تىجارەت قىلىشقا باشلىدىم. دەسلەپتە ئازراق بەدەل تۆلىگەن بولدۇم. كېيىن تىجارەتنىڭ يولىنى تېپىپ پۇللۇق بولدۇم. ئۆزەم تەسەۋۋۇر قىلالمىغاندەك، كىشىلەر مېنى ھۆرمەت قىلىشقا باشلىدى.

مانا مۇشۇ ۋاقىتلاردا سىزنى ئويلاپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم. بەزىدە ئادەم ياللاپ سىزنى ئۆلتۈرگۈزمەكچى بولدۇم. ئەمما بۇنداق قىلمىشنىڭ چېكىدىن ئاشقان ئەخمەقلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، نىيىتىمدىن ياندىم. نەتىجىدە شىركىتىمدىكى ئادەملەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قوشنىڭىزنىڭ قورۇ - جايىنى سېتىۋالدىم ھەم ئەسلى قىلىشقا بولمايدىغان ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان بولدۇم...

ئەخەت، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولغان كىشىلەر بولمىسۇن، ئىنتىقام ئېلىشنىڭ ئۆزى توغرا ئىش ئەمەس. چۈنكى ئىنتىقام كىشىلەرنى تۈگىمەس جېدەلگە سالىدۇ. لېكىن بۇ پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىكى ئىزىنتقۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىي تۇرمۇشتا كىشىلەر ئىنتىقام ئېلىشتىن ساقلىنالمايدىكەن! ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئالتۇن كۈزىنى ئۈمىد قىلىپ ياشايدۇ، لېكىن ئۈمىد ئەسلى ئارزۇغا قەلەندەر! كۈز تامامەن گۈزەل ئەمەس. ئۇنىڭ تىراگېدىيىسى شۇكى: كىشىلەر كۈزگە تەشنا بولىدۇ. بىراق كۈز كىشىلەرنىڭ توغرا ئارزۇسىنى قاندۇرالمايدۇ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ. كىشىلەر تۇرمۇشتا مۇشۇ نۇقتىنى بىلگەندە، ئۇنى ئىقرار قىلغاندا، ئاندىن ياشىيالايدۇ!»

سالامەت خەتنى يېزىپ بولۇپ ياتىقىدىن چىقتى - دە، پوچتىخانا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ بىر خىل ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولغاندەك قىلاتتى. لېكىن مۇنچاقتەك ياشلار 50 نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ مەنىۋى يولىنى يورۇتۇپ كېلىۋاتقان پاكىز كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئېقىپ چىقتى...

مەسئۇل مۇھەررىر: شاكىرجان ئېلاجى

# ناغرا ۋە ئاتام

(ھېكايە)

ئەخمەتجان مۆتەللىپ

دادام مېنى بىرەر قېتىممۇ ۋارقىراپ ئويغىتىپ باققان ئەمەس. شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىمدا لىگەنگە ئۇرۇلغان رېتىملىق ئاۋاز قۇلىقىمغا كىرەتتى - دە، ئويغىنىپ كېتەتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام‌لا بېشىمدا دادام ئولتۇرغان — ئىككى تال چوكا بىلەن لىگەننى ھەر خىل پەدىلەرگە چېلىۋاتقان بولاتتى. نېمىشقىكىن، ئۇ چاغلاردا مەن دادامنىڭ مېنى ئويغىتىش ئۇچۇن قوللانغان بۇ چارىسىدىن بەكلا رازى بولاتتىم. قانداق چاغلاردىكىن، ئۆيدە دادام يوق بولۇپ قېلىپ، ئاپام مېنى ۋارقىراپ ئويغىتىپ قالسا چىشىمغا مۇش ئۇرغاندەك تۇيۇلاتتى.

دادام بىكار بولۇپ قالسىلا ئىككى تال چوكىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، لىگەننى دۈم قىلىپ ئالدىغا قويۇۋېلىپ مېنى قېشىغا ئولتۇرغۇزاتتى - دە:

— ياخشى ئاڭلاپ تۇر جۇمۇ، ماۋۇ نىم پەدە، ماۋۇ سەنەم، ماۋۇ بولسا تەلقە، مۇنۇسى بولسا شادىيانە، مۇنۇسى بولسا... - دەپ لىگەننى بىر خىل رېتىملىق چېلىپ كېتەتتى.

مەن دادام دېگەنلەرنىڭ قايسىسىنىڭ نىم پەدە، قايسى بىرىنىڭ سەنەم، تەلقە ئىكەنلىكىنى تازا بىلىپ كېتەلمىسەممۇ، ئىشقىلىپ دادامنىڭ رېتىملىق چوكا ئۇرۇشلىرىغا،مۇڭلۇق بولمىسىمۇ، قۇلاققا ياقىدىغان، لىگەندىن چىقىۋاتقان ئاۋازلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتىم.

بەزى كۈنلىرى دادام بەك ئۇزۇن چېلىۋېتىپ ئاپامنىڭ قۇلاقلىرىنى ئاغرىتىۋەتسە كېرەك، شۇنىڭ بىلەن ئاپام:

— بولدى قىلسۇنا!؟ قۇلاققا خۇش ياقمايدىغان بىر نېمىنى كەچكىرگىچە ئاراڭشىتىۋەرمەي.... راست ناغرا بولىدىغان بولسا قانداق قىلىپ كېتەتتىكىن تاڭ بۇ!؟ دەپ ۋارقىرايتتى.

باشقا چاغلاردا ئاپام قانچە ۋارقىرىسا گەپ - سۆز قىلمايدىغان دادام بۇنداق چاغلاردا بىردىنلا تېرىكىپ كېتەتتى - دە، قولىدىكى چوكىنى تاشلاپ ئاپامغا دېۋەيلەپ:

— ناغرا خۇش ياقمايدىغان سىنىڭدەك خوتۇننىڭ بارغۇ ئىككى قۇلىقىغا ئۇرۇپ بىراقلا پاڭ قىلىۋېتىمەن. سەن تېخى ناغرا چېلىشنى بىراقلا ئۇنتۇسۇن دەمسەن؟ تولا كاپشىماي ھازىر كۆزۈمدىن يوقال! بولمىسا... - دەپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ راستىنلا ئۇرۇۋېتىدىغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كېتەتتى.

ئاپام بولسا موللا مۆشۈك بولۇپ:

— بولدى خاپا بولمىسىنا ...مېنى دېسە ئۆينى بېشىغا كىيسۇن! - دەپ غىپلا قىلىپ تالاغا چىقىپ كېتەتتى.

— قارا بۇ خوتۇننى!؟ - دەپ خېلىغىچە تېرىكىپ سۆزلەپ كېتەتتى دادام، - بۇ كالۋانىڭمۇزە، قۇلىقىغا ناغرا خۇش ياقماس بولۇپ كېتىپتۇ - دە، پوقنى بىلەمسەن!؟ ناغرا دېگەننىڭ ئۈنىنى بىر ئاڭلىغىنە قېنى، جايىڭدا تېچ تۇرالىغىنىڭنى كۆرەي ...ناغرا دېگەننى بۇرۇنقى زامانلاردا جەڭدە چالاتتىكەن. كېيىن - كېيىن ئۇنى توي - تۆكۈن، مەشرەپ، ھېيت - ئايەملەردە چالىدىغان بولۇپتۇ. مانا ھازىر بولسا پەقەتلا چالغۇزمايدىغان بولدى. بىلمىدىم، بۇلارنىڭ نەرىگە پۈتلاشتىكىنتاڭ!؟

دادام چوكىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ لىگەنگە رېتىملىق ئۇرۇپ ئاشۇ ئاۋاز بىلەن تەڭكەش قىلغاندەك

كىملەردىندۇ ياش چاغلىرىدا ئاڭلىغان ھېكايىسىنى
باشلايتتى:

— بۇرۇنقى قارا، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز
جەڭ قىلغاندا جەڭگە ناغرا بىلەن كىرەتتىكەن. يىگىتلەر
دۈشمەن بىلەن ئېلىشقاندا ناغرىنىڭ ئۇرۇلغان ئاۋازىغا
قولاق سېلىپ تۇرۇپ ئېلىشاتتىكەن. جەڭدىن چېكىنـ
گەندىمۇ ناغرا ئاۋازى بىلەن چېكىنەتتىكەن. تېخى
بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ناغرىنىڭ ئۇرۇلغان پەدىلىرىگە
قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىسە، ناغرىنىڭ ھەر بىر ئۇدارىغا
كەلتۈرۈپ قىلىچ ئۇراتتىكەن. بىر قېتىم دۈشمەن بىلەن
قاتتىق جەڭ بولۇپ قاپتۇ. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز
شۇنداق باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ كېلىۋاتقاندا دۈشمەنـ
نىڭ مۆكتۈرۈپ قويغان قىسمىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە
ئۇچراپ نۇرغۇن تالاپەت بېرىپ ھالسىزلىنىشقا باشلاپتۇ.
بۇنى كۆرۈپ ناغرىچى يىگىتلەرمۇ قوللىرىغا كالتەك،
توقماقلىرىنى ئېلىپ جەڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ناغرىنىڭ
ئۈنى بېسىققاندىن كېيىن شۇنداق رەتلىك چېكىنىۋاتقان
قوشۇنىمۇ بىردەمدىلا پات - پاراق بولۇپ مەغلۇپ
بولىدىغان تەرەپكە ئۆتۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدا جەڭنى
يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان قېرىلار:

— ناغرىنىڭ ئۈنى جىمىپ كەتتى. يىگىتلىرىمىز
جەڭدە يېڭىلىپ قالدىمۇ نېمە؟ نېمىلا بولسۇن بىز ناغرا
چېلىپ يىگىتلىرىمىزگە مەدەت بېرەيلى، - دېيىشىپ ناغرا
چېلىشقا باشلاپتۇ. ناغرىنىڭ رېتىملىق ئۈنىنى ئاڭلىغان
يىگىتلەر پات - پاراق بولغان قوشۇننى قايتىدىن
تەرتىپكە سېلىپ شۇنداق جەڭ قىپتۇكى دۈشمەن دې-
گەننى يەر چىشلىتىپ ساينىڭ تېشىدەك ياتقۇزۇۋېتىپتۇ.
قېرىلارمۇ بىرسى هارسا يەنە بىرسى ناغرىنى توختاتماي
ئۈچ كۈن چاپتۇ ...كونىلارنىڭ دېيىشىچە شۇ چاغدا
ناغرا چالغان قېرىلار هازىرقى ناغرىچىلىق ئادەملەرنىڭ
ئاتا - بوۋىلىرى ئىمىش. «ناغرىچى» دېگەن نامۇ شۇ-
نىڭدىن كېيىن كېلىپ چىققانمىش. بۇ گەپنىڭ راست -
يالغىنىنى بىلمەيمەن، ئەمما ناغرىنى جەڭدە چالىدىغان-
لىقى بۇ راست گەپ، دەپ ھېكايىسىنى تۈگىتەتتى - دە،
ئاندىن لېگەننى بىردە شوق، بىردە تولىمۇ ئاستا پەدى-
لەرگە ئۇراتتى، - مانا بۇ جەڭگە كىرگەندە ئۇرىدىغان
پەدە، مانا بۇ غەلىبە قىلغاندا ئۇرىدىغان پەدە...

مەن ئۇ چاغلاردا كىچىك بولغاچقىمۇ ھەمدە
ناغرا دېگەننى كۆرۈپ باقمىغاچقىمۇ، ناغرىغا بولغان بىر
خىل قىزىقىشلا بار ئىدىيۇ ئەمما ئۇنى كۆرۈشنى زادىلا
خىيالىمغا كەلتۈرمەيتتىم. چۈنكى دادامنىڭ دېيىشىچە
ئۇنى چېلىش نېمىشقىكىن چەكلىۋېتىلگەن ئىكەن. ئەمما
ناغرىنى كۆرۈش مەن خېلى ئۇبدانلا يىگىت بولغان
چاغلاردا...

* * *

بىزنىڭ مەھەللە شەھەردىن خېلىلا يىراق بولۇپ،
كوچىلىرى ئەگرى - توقاي، - باش - ئايىغى
كۆرۈنمىگىنى بىلەن، ھەممىلا ئائىلىلەرنىڭ ئىشىك ئال-
دىدا سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىقلىرى بار، ئېرىقنىڭ
ئىككى قاسناقلىرىغا سۆگەتلەرنى تىكىۋېتىكەن، ياز
كۈنلىرى بۈك - باراقسانلىشىپ كېتىدىغان چىرايلىق
مەھەللە ئىدى. ئۆيلىرى پاكار- پاكار بولغىنى بىلەن،
ھويلىلىرى ئازادە، باغلىرىدا ئالما، ئۆرۈكلەر شاخ -
شېخىنى كۆتۈرەلمەي بولۇپ كېتەتتى. شۇنچە مېۋىلەر
مەي باغلاپ كەتكەن باغلارنىڭ قورۇق تاملىرى
ئادەتتىكىدەكلا بولۇپ، پەقەت كالا- قوي دېگەندەك بىر
نېمىلەر كىرىپ كەتمىسىلا بولاتتى. ھەممە ئۆيلەردە
دېگۈدەك تونۇرلار بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر كوچىمىزنىڭمۇ
بىر نەچچە يېرىدە تونۇرلار بولىدىغان. ياز كۈنلىرى
ئاپىلىرىمىز ياققان، چىرايلىق قىزىرىپ پىشقان نانلارنى
ئېرىقلاردا ئېقىۋاتقان سۈپ - سۈزۈك سۇلارغا چىلاپ
يەيدىغان بولسىڭىز شۇنداق ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتىڭىز.
بىرلا يېرى مەھەللىمىزنىڭ قاتناشلىرى قولايسىز
بولغاچقا، يېزىدىكىلەرنىڭ كۆپى دېگۈدەك ئۇ يىلدىن -
بۇ يىلغا شەھەر دېگەنگە كىرىپ باقمايتتى. ناھايىتى
زۆرۈر بىرەر ئىش چىقىپ قالمىساھېچكىمنىڭمۇ شە-
ھەرگە كىرگۈسى كەلمەيتتى. ئەگەر بىرەر زۆرۈر ئىش
بىلەن شەھەرگە مېڭىپ قالغۇدەك بولسا ئۇنى ھەممە ئا-
دەم دېگۈدەك ئۈزىتىپ:

— ماڭا بەرقۇتتىن بىر كىيىملىك ئالغاچ
چىققىن!

— ماڭىا بىر كۆينەكلىك شولكۇاي ئېلىشنى ئۇنتىما! ساندۇقتا تاشلايدىغان گەپ جۇمۇ!؟ - دېيىشىپ پۇللىرىنى بېرىپ يولغا سالاتتى.

بىر كۈنى دادامنۇ شەھەرگە كىرىدىغان بولۇپ قېلىپ، مېنى ئېلىپ يولغا چىقىۋېدى. ۋاي - ۋۇي، پۈتۈن مەھەللىنىڭ ئادەملىرى دېگۈدەك دادامغا پۇل بەردى. بىز شۇ كۈنى قاق سەھەردە يولغا چىقىپ ناماز پېشىن بىلەن چولا بىر تاشيولغا چىقتۇق. كېيىن بىز شۇ يولدىن (دادامنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا بىر «كوڭكىنى» توساپ) كوڭكىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىردۇق.

شەھەر دېگىنىمۇ چاغلىق ئىكەن. ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەر، سېپىلاتقۇدەك تەكشى يولنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا يەرلىرى تېخى بىزنىڭ مەھەللىگىمۇ يەتمەيدىكەن. «كوچىلاردا ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلىرى، سايە تاشلاپ تۇرىدىغان سۆگەتلىرى، كەڭرى ھويلا - ئاراملىرى، باغ - ۋارانلىرى بولمىسا بۇ قاقاسچىلىقنىڭ نەرىنى ئەتىۋارلاپ شەھەر دەپ كېتىدىغاندۇ؟» دەپ ھەيرانلا قالدىم. بىز چۈشكەن دەڭنى دېمەمسىز تېخى؟ ئات - كالىنىڭ تېزەكلىرى بىلەن بۇلغانغان ھويلىسىدىكى پاسكىنىچىلىقتا تۇرۇپ بولمايدۇ. ئۆينىڭ ئىچىگە يېقىلغان قارا چىراقنىڭ ئىسىدا تاملىرى قارىداپ كەتكەن. يەرنى سەل قاتتىقراق دەسسىگىز ھارغىچە چاڭ - توزاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ...ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ ئۆسكەن مېنىڭدەك بىر سەھرا بالىسىغا شەھەر زادىلا ياقماي قالدى. بۇنى مەن دادامغا دېسەم، دادام پەقەتلا كۈلۈپ قويۇپ:

— بىراق، سېنىڭ ناپىقىنىڭ شەھەرگە ئاقىدۇ. سەن ئۆزەڭگە كېرەكلىكىنىمۇ شۇ شەھەردىن تاپىسەن. - دەپ قويدىيۇ، ئۇشۇق گەپ قىلمىدى.

دادام بىلەن بىللە يۈرۈپ شەھەرنىڭ قانچىلىك يەرلىرىگە باردىم. قەيەرلىرىنى كۆردۈم بىلمەيمەن. ئەتىسى سەھەردىلا دادامنىڭ ھېلىقى «ناغرا» سىنىڭ تولىمۇ يېقىملىق، تولىمۇ مۇڭلۇق ئۈنى قۇلىقىمغا كىرىپ مېنى ئويغىتىۋەتتى. «دادام قەيەردىن لىگەن تېپىپ چېلىۋاتىدىكىنە؟بۇ ئۆيلەردە ھېچبىر لىگەن كۆرگەندەك قىلمىۋېدىمغۇ؟» دەپ بېشىمغا قارىسام دادام يوق. ئەمما يىراق بىر يەردىن تولىمۇ مۇڭلۇق ناغرىنىڭ ئۈنى ئاڭلىنىۋاتاتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتىم. كۈن خېلىلا ئۆرلەپ كېتىپتۇ. دادام بولسا كوچىدىن شۇنداق ئالدىراش كېلىۋاتىدۇ. قولىدا ئىككى توقاچنىڭ ئارىسىغا ئېلىۋالغان مانتا تۇرىدۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپلا:

— تۇردۇڭمۇ ئوغلۇم. بول چاپسان مانتىنى يە! ناغرا چېلىۋاتىدۇ بېرىپ كۆرۈپ كېلىمىز. - دېدى.

مەن يۈزۈمنى يۇيۇپ، مانتىنى يېيىشكە باشلىغىنىمدا ئۇ مېنى ئالدىرىتىپ:

— چاپسانراق بولساڭچۇ؟! ...خۇدانىڭ كارامىتىمۇ بۇ، راستىنلا ھەيران قالىدىغان ئىشقۇ بۇ؟ قانداق بولۇپ بىزنىڭ ناغرىنى چالدۇرىدىغان بولۇپ قالدى دەيمەنا!؟ تۇۋۋا، تۇۋۋا! مۇشۇنداق كۈنلەرمۇ كېلىدىكەنا. راستىمدۇ بۇ، ھە!؟ ھوي بولساڭچۇ چاپسانراق، نېمانداق ئېزىلىسەن؟ - دەپ مېنى تامىقىمنىمۇ تۈزۈك يېگۈزمەستىن ئالدىرىتىپلا كەتتى.

دادام مېنى يېتىلەپ، يۈگرۈپ دېگۈدەك ماڭاتتى. بىز يېتىپ بارغاندا ناغرا چېلىۋاتقان يەرگە ئەندىلەتىن ئادەملەر توپلىشىۋېتىپتىكەن. بىر بىنانىڭ ئۈستىدە بىر نەچچە ئادەم قاتار ئولتۇرۇۋېلىپ ئالدىدىكى چېلەككە ئوخشايدىغان، ئەمما ئاغزىغا بىر نەرسە تارتىپ قويغان «نەرسە» لەرنىڭ ئۈستىگە قولىدىكى «چوكا» بىلەن رېتىملىق ئۇرىۋاتاتتى. مەن تۇنجى قېتىم كۆرگەن ناغرىلارنىڭ ئاۋازى شۇنچە مۇڭلۇق بولۇپ، ئادەم تىڭشىغانسېرى تىڭشىغۇسى، مۇڭلىرىغا قېتىلىپ مۇڭلانغۇسى كېلەتتى. دادام بىردەم تىڭشاپ تۇرغاندىن كېيىن:

— باش ناغرىدىكى ئادەمنىڭ قولى سەل گاللىشىپ قاپتۇ. دە، تايىنلىق، ئۇزۇن يىل چالمىغانلىقىنىڭ ئىشىدە بۇ. - دەپ ئۆزىچىلا سۆزلەپ كەتتى.

شەھەر دېگەنمۇ قالتىسكەن. ھازىرلا ئادەم شالاڭ تۇرغان بۇ سەينا بىردەمدىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئەتراپىمغا قارىسام قېرىلار، ياشلار، بالىلار، ئاياللار يىغىپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا دادام تۇيۇقسىزلا:

— ھوي ياشلارۇي، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟

ئۇسسۇل ئوينىمامسىلەر!؟ ناغرا شادىيانىگە چېلىۋاتسا بۇلارنىڭ قاراپ تۇرغىنىنى قارا ...تۇتە بالام ماۋۇ چاپانىنى! ...قېنى مەيداننى ئاچمامسىلەر، - دەپ دادام پېرىجىسىنى ماڭا تاشلاپ بېرىپ بىردىنلا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.

ھېچ كىمنى تونىمايدىغان بۇ يەردە دادامنىڭ ئۇسسۇلغا چۈشكەنلىكىدىن شۇنداق نومۇس قىلىپ كەتتىمكى، دادامنى تاشلاپ قويۇپلا قېچىپ كەتكىم كېلىپ كەتتى. ئەمما قېچىپ كېتەلمىدىم. دادامنىڭ ئاپئاق ساقاللىرىنى ئۇچۇرتۇپ لەرزان ئۇسسۇل ئويناشلىرى، پۇتلىرىنى رىتىملىق ئېلىپ قوللىرىدىن ھەر خىل ھەرىكەتلىرىنى چىقىرىشلىرى ھەممىلا ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى.

— پاھ ماۋۇ قېرىنى كۆرۈڭلار، ئۇسسۇل دېگەننى سويىدىكەنغۇ؟ قېنى پولات چۈشۈپ بىر بىقىشلامسەن؟

يېنىمدىلا تۇرغان بىر توپ بالا ئېگىز، قاڭشارلىق بىر بالىنى سورۇنغا ئىتتەردى.

چۈشسەم - چۈشتۈم. ئەشۇ ئاتىمىز ئويناۋاتقان يەردە بىز قاراپ تۇراتتۇقمۇ؟ - پولات دېگەن ئېگىز بالا سورۇنغا چۈشۈپ دادام بىلەن بىقىشىپ ئويناپ كەتتى. ئۆزىگە ياش بىر يىگىتنىڭ جۈر بولغانلىقىنى كۆرگەن دادام تېخىمۇ شوق، تېخىمۇ نەپىس ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇنداق ئويناپ كەتتىكى، ھەممىلا ئادەم:

— ياشاپ كەت! ياشاپ كەت ئاتا! ئاتا بالىسىكەنغۇ؟ - دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

بىر چاغدا قارىسام سورۇندا قىزلارمۇ، ئوغۇللارمۇ ئويناۋېتىپتۇ. ھەممىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دادام، باشقىلار بولسا ئۇنىڭ شوق، نەپىس ھەرىكەتلىرىنى دوراپ ئويناۋېتىپتۇ.

سەنئەت دېگەن قانداق سېھرىي كۈچكە ئىگەكىن؟ بايىلا ئىزا تارتىپ بۇ يەردىن قېچىپ كەتكۈدەك بولۇۋېدىم، ئەمدى مەنمۇ دادامنىڭ ئۇزۇن پېرىجىسىنى كىيىپ ناغرىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا، رىتىملىق ئۇدارىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتىم. پەقەت ناغرا توختىغاندىلا سورۇندىن چىقىپ قارىسام دادام كۆرۈنمىدى. ئۇياق - بۇياقنى ئىزدەشتۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭ ھېلىقى ناغرا چالغان بىنادا تۇرغانلىقىنى، بايىقى قېرى ناغرىچى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقانلىقىنى، كېيىن ناغرىچىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بىردىن دادامنىڭ چوكىسى ناغرىغا شۇنداق رىتىملىق، تەكشى ئۇرۇلغىنى تۇردى. مەن كىچىك چاغلىرىمدىنلا ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەن ھېلىقى سەنەم، تەلقە پەدىلىرىنىڭ ئادەمگە بۇنچىلىك مۇڭ بېرىدىغانلىقىنى، ئادەمنى ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا سورۇنغا سۆرەپ كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ناغرىنىڭ يېقىملىق ساداسى بىلەن نەلەردىندۇ «ھوررا» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك، قولىدا غەلىبە ئەلەملىرىنى كۆتۈرگەن ئەجدادلىرىمىز شادىيانە پەدىسىگە ماس قەدەمدە ئاتلىرىنى ئويىنىتىپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. مۇڭلۇق ناغرا ساداسى ئۇزاق ئۆتمۈشلەرگە باتۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ قورشاۋلارنى بۆسۈپ چىقىپ ئالغا كېتىۋاتقان يەرلىرىگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

دادامنىڭ خۇشال ئۆتكەن چاغلىرى بولغىيدى. مەنمۇ تالاي كۆرگەن بولغىيدىم. ئەمما ئۇنىڭ ئەشۇ كۈندىكىدەك خۇشال ھالىتىنى، ھەرىكەتلىرىنىڭ تېتىكلىشىپ ياشلاردەك بولۇپ كەتكىنىنى، چىرايلىرىنىڭ شادلىقتىن ئېچىلىپ كەتكىنىنى مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم.

— خۇدانىڭ كارامىتى! مانا مەن ناغرىنى قانغۇدەك چالدىم. ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق جۇمۇ ئەندى، ئۆمرۈمدە ئادەملەر توپلىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغان سورۇنلارنى. شۇنداق سورۇننى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپ ناغرا چالىدىغان كۈنلەرنى كۆرەرمەنمۇ دەيتتىم. ئاھ خۇدا! مانا بۈگۈن شۇنداق سورۇننى كۆردۈم ...بۇنداق كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، مەن خۇدادىن ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى بۇ كۈنلەرنى تىلىمىگەنمىدىم؟!...

دادام بىز چۈشكەن دەڭگە بارغاندىن كېيىنمۇ بۈگۈن چالغان ناغرىسىنى، ناغرا توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى خېلى ئۇزۇنغىچە سۆزلىدى...

شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتىم، بىرسىنىڭ سىلى-

كىشى بىلەن ئويغاندىم. قارىسام بىز بىلەن دەڭدە ياتقان بىر ئادەم:

— بالام داداڭ تۇرۇپلا بىر قىسىم بولۇپ قالدىڭمۇ، بىرەر ئاغرىقى بارمىدى؟ - دەپ سورىدى.

— ياق، مۇشۇ كەمگىچە دادامنىڭ ئاغرىغىنىنى بىلمەيمەن.

— ئەمىسە دوختۇرغا ئاپىرىپ باقايلى، ئورنۇڭدىن تۇر... ھېلىلا ئىشىككە چىقىپ كىرىپ: «مەن بىر قىسما بولىۋاتىمەن، يېنىمغاراق كەلسلە بوپتىكەن» دېۋىدى، تۇرۇپلا ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ كېتىپ بارىدىغۇ؟!...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىملىرىمنى كىيىپ بولغىچە دادام بىر - ئىككى قېتىم «خىرت - خىرت» ئاۋاز چىقارغاندەك قىلدى - دە، جىم بولۇپ قالدى. مەن ئېگىشىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىسام كۆزلىرى كۇلۇمسىرىگەنچە تۇرسىمۇ ئەمما جىيەكلىرىدە تېخى ئېقىپ كېتەلمىگەن ئىككى تامچە ياش تۇرىدۇ. ئۆزى تولىمۇ خاتىرجەم ياتقاندەك كۆرۈنسىمۇ ئوچۇق قالغان ئېغىزىدا دېيەلمەي قالغان گەپلىرى باردەك قىلاتتى.

ھېلىقى ئادەم دادامنىڭ بۇرنىغا قولىنى ئاپىرىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن دادامنىڭ بارا - بارا يوغىناپ كېتىپ بارغان كۆز قارىچۇقلىرىغا قاراپ:

— ئەيبارا خۇدايا پاك پەرۋايدىگارا، ئاجىز بەندىلىرىڭنىڭ ئىمانىنى پاك، جايىنى جەننەتتە قىلغايسەن، - دېگىنىچە ئىچىدە ئاللا نېمىلەرنىدۇ ئوقۇپ ئاندىن ماڭا:

— بالام، داداڭ تۈگەپ قالدى ... تەۋۋا قىلدىم خۇدايىم، بايىلا بىر ئوبدان سۆزلەپ ئولتۇرغان ئادەم ھە؟- دېدى ھەمدە ئېغىزلىرىنى بىر قىسمىلا قىلىپ يىغلاپ كەتتى ...

— ئازراق داكا بارمۇ؟ ئاق لاتا بولسىمۇ تاپ، ئېڭىكىنى چېتىپ قوياي. ھەي، ماۋۇ ياتقان بۇرادەرلەر تۇرساڭلارچۇ، ماۋۇ ئاقساقال بەندىچىلىك قىلىۋېدى. مۇنۇ بالا قاتتۇرۇپ قويغاندەكلا تۇرىدىغۇ... ھوي، نېمانداق ئۇيقۇڭلار قاتتىق ئادەملەر سىلەر ۋوي! - دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

مەن «داداڭ تۈگەپ قالدى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا قېتىپ قالغان ئىدىم. ئۆينىڭ ئىچىدە بىر دەمدىلا پات - پاراقچىلىق بولۇپ كەتتى. كىملەردۇ كىرىپ كىملەردۇ چىقاتتى. كىملەردۇ بىر - بىرلىرىگە بىر نەرسىلەرنى بۇيرۇيتتى. مەن بولسام بەنىلا دادامنىڭ بېشىدا قاتتۇرۇپ قويغاندەك ئۇنىڭ مۇزلاپ كېتىپ بارغان تەنلىرىگە، تېخىچىلا ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلگىنىمچە ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا دادامنى بىر نەچچە ئادەم كۆتۈرۈپ، مېنى بولسا ھېلىقى ئادەم يېتىلەپ ئاچىقىپ ماشىنىغا سالدى. مەن پەقەتلا يىغلىمىدىم. ئۆيگە چىققاندىن كېيىنمۇ، دادامنى يەرلىكىدە قويغاندىن كېيىنمۇ يىغلىمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا يىغلاپ باقمىدىم. ئەمما دادامنىڭ ئەشۇ چاغدىكى شادلىقىنى، شوق ئۇسسۇللىرىنى ئەسلىگىنىمدە نېمىشقىدۇر بىر قىسمىلا بولۇپ قالىمەن. قۇلاق تۈۋىدە بولسا ئۇنىڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازى بىردەممۇ نېرى كەتمەيدۇ...

خېلى زامانلار ئۆتتى. ناغرىلارنىڭ ساداسى ھېيت - بايراملاردا، رادىيو - تېلېۋىزورلاردا ياڭراپ تۇرىدۇ. مانا تېخى بىزنىڭ مەھەللىگىمۇ ناغرا ئەپچىقىپتىكەن، شەھەردىن ئاتايىن بىر ناغرىچى تەكلىپ قىپتۇ. ئەندى مەھەللىمىزدە چېلىنىۋاتىدۇ.

مەن ئۆيدە ناغرىنىڭ مۇڭلۇق، رېتىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇددى كىچىك چاغلىرىمدا ئۇيقىدىن ئويغانغىنىمدەكلا يا ئەسلىمىگە، يا ھېكايىگە ئوخشىمايدىغان بىر نەرسىنى يېزىۋاتىمەن. قەلبىمدە ھېچ قانداق بىر ئۆزگىرىش بولمىغاندەك قىلىۋاتاتتى. ئەمما كۆزلىرىمدىن ياش چىقىۋاتىدۇ. بۇ ياشلار مېنىڭ ئەلەملىك ياشلىرىممۇ ياكى شادلىق ياشلىرىممۇ ۋە ياكى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىغلىيالماي قالغان، كۆز ياشلىرىممۇ تازا بىلەلمىدىم. ئەمما مەن يىغلاۋاتىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر: سىدىق تۇرسۇن

# كېلـچـەك ئىشقى

## نۇرمەھەممەت سايىم

تۇن كېچە، ئەسىرمەن شېرىن ئۇيلارغا،
ئۈستۈمدە شىشىدەك سۇزۇلگەن پەلەك.
تولۇن ئاي ئويناپدۇ شوخ دېڭىزغا،
چايقىلار سۇ يۈزى گويا زۇمرەتتەك.

عايىلار يېتەكلەر ئالغا تىنىمسىز،
بەختىمنى تاڭلاردىن، ئەتىدىن كۈت، دەپ.
قەلبىمدە يالقۇنلار كېلەچەك ئىشقى،
يىگىتسەن، تاغلارنىڭ قەددىنى پۈك، دەپ.

كېزىمەن بېھىشتەك چار باغلارنى،
ياڭرايدۇ تۈش - تۈشتا بۇلبۇل ناۋاسى.
ناۋالار ئىلكىدە ئۆرتەپ يۈرەكنى،
كۆرۈنەر بىر گۈزەل پەرى سىماسى.

ياشايمەن بىر ئۆمۈر ئۈمىد قۇچاقلاپ،
ئېزىزلەپ ئۈستۈردى مېنى ۋەتىنىم.
ئەجداد تۇلپارىنىڭ تۇياقلىرىدىن
چېچەكلەر بەرق ئۇرۇپ كېلەچەك بەختىم.

# غـەزەللەر

## ياسىنجان ئىبراھىم

1

ئۆزىنى شام قىلىپ تەگرىم، مېنى پەرۋانە ئەيلەرمىش.
ئوتىدا كۆيدۈرۈپ تۈنلەر ئار' بىدارە ئەيلەرمىش.
سۇرۇشتە قىلمىغاي پەيغەمبىرىم (نە كويدا ئۈممەتلەر)،
تىلاۋەت دەشتىدە تەقدىر هامان سەرسانە ئەيلەرمىش.
ئاياقسىز يۈرگىنىم باقىيلىقىم بولمىش تىكەنلىكتە،
چۈشۈمدە ئۆزگىنىم ئاينى يەنە ئەپسانە ئەيلەرمىش.
بېشىمنى كۆتۈرۈپ لەشتىن قۇرتلۇق كۆلدىكى روھىم،
بېرىپ قول تەلۋە شەيتانغا مېنى «مەردانە» ئەيلەرمىش.
ئۆزۈمدىن چاچرىغان قاندا بوياپ مۇشتۇمنى جار سالسام،
بۇ يەگلىغ قىلمىشىم كىملەرنىدۇ ھەيرانە ئەيلەرمىش.
سىياقىم ئوخشىبان شۇندا قەدىم ۋەيرانە بىر جانغا،
كۆلاھو - جەندە تاشلانماي، زامان دېۋانە ئەيلەرمىش.
تېنەپ ئۆڭكۆردە يۈرسەم گەر يورۇقتا باشلىغاي كىممۇ،
ئۆزەمگە بىر ئۆزەمنى بۇ هايات غەمخانە ئەيلەرمىش.

2

تۇرۇپ بىر شاختا ياپراقلار نىچۇن تىنماي كاچانلاشقاي.
شامال دەي - دەيگە سالغاننى بىلەلمەستىنلا ياتلاشقاي.
ئازاپتىن زەپىران بولغانلىرى ئاجراپ چۇشەر شاختىن،
كېيەن راسلايدۇ قىش قاردىن، بۇ ھالەت دىلغا مۇڭ سالغاي.
ئۆزىگە ئۆزلىرى سالغان ئېغىر قىسمەتتە بىر - بىرلەپ،
سوغۇق يوللاردا سەرسان بوپ ئاياقلار ئاستىدا قالغاي.
ئاياقلار ئاستىدىن شۇئان كېلەر ئاچچىق پىغان - نالە،
كېيەنمۇ تولغىنىپ سىرلىق مۇسىبەت سازىنى چالغاي.
قاقىلدار يالىڭاچلانغان تېرەكتە قاغا پەي تاشلاپ،
جەسەتلەر كۆلىدىن چىققان ساۋاقنى ئەسكە كىم ئالغاي!؟

3

ئەجەپ ھال تۇندە ئالەمگە خىياللار چاچقىنىم، پۇل دەپ،
سەھەر بىر چۇشنى تەكرارلاپ كۆزۈمنى ئاچقىنىم، پۇل دەپ.
سېلىپ قويغانىمدۇ شۇنداق مېنى ۋەسۋەسىگە بىر شەيتەن،
زېمىننى تىترىتىپ ھەتتا خۇداغا قاقشىدىم، پۇل دەپ.
سېھىرلەنگەن كەبى بارچە ئەقىدەم پۇلغا باغلاندى،
كېچە مۇگدەركى، ئۇيقۇمنى تەركلەپ ياتمىدىم، پۇل دەپ.
سېزىش يوق دەسسىشىم تەتۈر تىكەنمۇ، چوغمۇ، پاتقاقمۇ،
سۇرۇپ يىلتىز، گاھى كۆيمەي قوقاستا شاخلىدىم، پۇل دەپ.
نېمە ئۇ مېھرى - شەپقەتلەر، تىقىپ كاچكولغا تۇگلاتتىم،
مېنىمگە كەلسە توگقانلار ئاگا ئۇتياقمىدىم، پۇل دەپ.
چىرىتتى ئاش قىلىپ قۇمدەك قۇرتلار بەلكى ۋىژدانىنى،
دىبان ئاھۇنى يىرتقۇچ، چىل بۆرىنى ماقتىدىم، پۇل دەپ.
ئۆتتۇنسە لوقمىنى تۇلكە، ياساپلا مېھرىدىن كۆلكە،
پېيىمدىن قىسقىچە قاپقان ئۇنى دوست چاغلىدىم، پۇل دەپ.
يولىدا پۇل تېپىشقۇ ھەق، ئېشىپ چەكتىن رەزىللەشتىم،
ھامان ئالدىمدا بار ئاچچىق ساۋاققا قالمىشىم، پۇل دەپ.

## ئىككى شېئىر

مۇسا ئەھەد

### قدىم شەھەر ئويغاتقان ھېسلار

1

قالغان بۇندا سەلتەنەتنىڭ كۆلەڭگىسىلا،
قەدىم كارۋان ئىزناسىنى يەپ كەتكەن شامال.
ئەسلىمەمنىڭ تاگلىرىدا ئاھ قەدىم شەھەر،
ئۇ بەئەينى شاۋقۇن يۇتكەن تىمتاس ساھىلدا،
دولقۇنلارنىڭ كۆپلىرىنى كۆتكەن غېرىپ سال.

كۆرۈنمەيدۇ قەدىم يوللار ۋە قەدىم ئۆتەڭ،
كولدۇرمىلار ساداسىدىن چاپچىغان خۇش ھال،
قېنى ئالماس قورغانلارنى ئۇخلاتقان ئۆلەڭ.

رېتىملىرى تاغ سۈيىدەك يېنىك ساپ - تازا،
گۈل شېخىدا بۇلبۇلنىمۇ قىلغان تەشنا لال.

ئۇچۇپ كېلەر سۈبھى بويلاپ تىترەك ۋە ئەبجەش
ئەزان ئۈنى، قەيەردىندۇر تاڭلاردىن ئاۋۋال.
باقسام ئېغىر خىياللاردىن ئويغىنىپ، ھەيھات،
تۇرتۇپ ئۇيقۇ پەرىسىنى، يىقىپ ئوت - ئاتەش،
قاپتۇ پەقەت قەدىم مەسچىت ئۈستىدە ھىلال.

## 2

قەدىم قورۇق، قەدىم قورغان ۋە قەدىم ئۆتەڭ،
قەدىم بازار، قەدىم مەھەللە، ئەي، قەدىم ماكان،
توزۇپ كەتكەن جامالىڭغا باقسام پەرىشان،
دەپ قالغاندۇر ئەتىرگۈلدەك پاك لىۋەن قىزلار،
نىچۈن مۇكلۇق ئاھ بۇ يىگىت جىمغۇر ۋە ئويچان.

ئۇلار بىلمەس، شاۋكىتىڭدىن كۆلگەن ئەسىرلەر
كۆتەرگىنىن روھىم ئۆزرە بېھساپ غەليان.
ئۇلار بىلمەس قەدىم ئىزلار بويلاپ خىيالىم
تاكى باغدات، رۇمنىڭ رەستە - بازارلىرىدا.
يۈرگىنىنى ھەر قەلبتە قوزغاپ ھاياجان.

مەن ئىزلەيمەن بارمىكىن دەپ تۇپراقلىرىڭدا،
ئەجدادلارنىڭ جىسمىدىكى قايناپ تۇرغان قان.
مەن ئىزلەيمەن توگە ئۆكسۈپ قالغان يوللاردا
سەلتەنەتنىڭ جىلۋىسىدىن بارمۇ دەپ نىشان!؟
سەن ئەمەسمۇ كارۋانلارغا بەرگەن نۇسرەت - شان!

### چۈش كۆرىدۇ ئاپئاق ئاي نۇرى

چۈش كۆرىدۇ ئاپئاق ئاي نۇرى،
ئىشىكنى ئېچىپ كېچىنىڭ.
تاشلاپ كېتەر بىر دەستە گۈلنى،
ھۇجرىسىغا قەلبىم تەكتىنىڭ.
چۈش كۆرىدۇ ئاپئاق ئاي نۇرى،
«ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان دۇنيا،
ۋە ئەسلىدىن تېزگەن ئادەملەر،
كىرسە ئىدى رەڭگىمگە مېنىڭ »
شىۋىرلايدۇ شۇ سۆزنى تەكرار،
گۈل بەرگىدەك يۇمران لەۋلىرى.

# ئىككى شېئىر

تولغۇندىن ئەزىم

### تۇنجۇقتقان روھىنى تاڭما بالىغا

«ئاستا ماڭ جان قوزام، كەتمە يىقىلىپ».
دەيسەن ۋە ئەگىشىپ يۈرسەن ھامان.
كايىما بۇزسىمۇ، توزەيدۇ ئۆزى،
بۇزۇلۇپ، تۈزۈلۈپ كەلگەنغۇ جاھان.

شوختۇر ئۇ، تىنىمسىز - سىغماس قىنىغا،
ئۆز ئەركى، تۇيغۇسى غالىپ ئېڭىدا،
توسمىغىن ئويىنسۇن، چېلىشسۇن مەيلى،
بەلكى بىر باتۇرلۇق باردۇر قېنىدا.

يوسۇن، قائىدە، تۇگىمەس مىزانلار ...
ئۆگەن دەپ زورلىما ئەنسىز ئانىلار،
- تاپىدۇ شوخلۇقتىن يېڭى بىر ئەقىل،
تۇنجۇقتقان روھىنى تاڭما بالىغا.

### سەھرا يىگىتى

بېلىگە باغلاپ قارا تونلەرنى ،
تۇرىدۇ قان رەڭلىك ئاسماننى تىرەپ،
ھىلال ئاينى ئويىنتىپدۇ،
تاغلارغا بىلەپ،
دولىسىدا قويرۇقلۇق يۇلتۇز،
ئۇ كېلەر
ئالتۇن جەشلەرنى زېمىندىن تىلەپ...

## قالارسەن بىر كۈنى سەنمۇ ئۆزگىرىپ

خۇدابەردى روزى

ئېيتقىنە ئەي بۇلۇت خىيالىڭ نېمە،
يۈرسەن نە ئۈچۈن تەرىڭنى تۈرۈپ؟!
كىم سېنى رەنجىتتى، ئەركىلىكىڭدىن
كېلسەن گاھ يىغلاپ ۋە گاھى كۈلۈپ،

خالىساڭ بار ھامان، خالىمىساڭ يوق،
تۇرۇپتۇ كۆك ئاسمان ساڭا ئۆكۈنۈپ.

دېھقانغۇ سۇ بىلەن قىلار بىر ئامال،
ئېدىرلار قانداقمۇ تۇرار كۆكىرىپ؟!

ۋاھ سېنىڭ يۈگەنسىز بۇ بەگۋاشلىقىڭ،
تاغلار ياتىدۇ سېنى كۈتۈرۈپ.
مەيلى كەت، ۋەمەيلى توختىغىن بىر پەس،
قالارسەن بىر كۈنى سەنمۇ ئۆزگىرىپ.

## قۇچاقلاپ قوي، ئەتىكى قۇياش

دىلشات ئابلىز

قۇچاقلاپ قوي، ئەتىكى قۇياش،
مېنى تال ـ تال نۇرلىرىڭ بىلەن.
مېھرىڭ باھار ھەردەم ھاياتقا،
مېھرىڭ بىلەن بۇ دۇنيا لىۋەن.

نېمە ئاپئاق، نېمە ئاپقارا،
تونۇپ يەتتىم مانا ئەندىلا.
ئۆچكىنى يوق تېخى يۈرەككە،
باللىقتا چېكىلگەن ئىزنا.

ئەۋزەل ماڭا، نۇرلىرىڭ ئەۋزەل،
ساڭا يەتمەي مېنىڭ كەتكىم يوق.

قۇچىقىڭدىن ئىزدەيمەن لەززەت،
مەيلى قانچە ئۇشتىسەمۇ دۇق.

ئۆگەندىمەن ئەندىلا تېخى،
قانداق يىغلاپ، قانداق كۈلۈشنى،
قانداق ياشاش كېرەك جاھاندا،
ئۆلگەندىمۇ قانداق ئۆلۈشنى.

× ×

قۇچاقلاپ قوي ئەتىكى قۇياش،
مېنى تال ـ تال نۇرلىرىڭ بىلەن.
مېھرىڭ باھار ھەردەم ھاياتقا،
مېھرىڭ بىلەن بۇ دۇنيا لىۋەن.

## ھويلىغا

قاسىم كېرىم

باقىمەن ھەر بىر قەدەمدە، ئاشۇ گۈلزار ھويلىغا،
ھۆسنىدە كۈلگۈن قۇياش، دىلنى تارتار ھويلىغا.
شۇ گۈزەل ھويلا تاماندا ھۆر ياشايەن دىلبىرىم،
سەن قىلىپ ناخشاڭ بىلەن بۇلبۇلنى خۇشتار، ھويلىغا.
بىر ئۆمۈر ياڭراق، گۈزەل ناخشاڭغا جۆر بولماق ئۈچۈن،
كېلىدۇ كىرگۈم مېنىڭ، مېھرىڭگە دىلتار، ھويلىغا.
بولغۇسى ھەر دىلدا تۈرلۈك ئوي ـ خىيال، ئارزۇ ـ ئۈمىد
ۋە لېكىن ئۈچار خىيال جانان ـ گۈلۈم بار ھويلىغا.

# جەڭگاھ خاتىرىلىرى

(ئەسلىمە)

ئەخمەت تۇردىيوپ

## ئۇنتۇلماس بىر كۈن

قەلىمىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بۇنىڭدىن 45 يىل بۇرۇنقى مۇنۇ بىر ئىش ئېسىمدىن ھېچ چىقمايدۇ.

1948 - يىلى سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ باشلىرى ئىدى. مەن شىخو 40 - پولك 3 - باتالىيون 9 - روتىنىڭ كوماندىرى ئىدىم. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش ئالدىنقى سەپ قىسىملىرى، شىخو ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا 60 كىلومېتىر كېلىدىغان «ئورمانباغ»نىڭ (بۇ يەرنىڭ ئەسلى نامى يەنىخەي بولۇپ، شۇ چاغدا ھەربىي مەخپىيەتلىك ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان) قېلىن ئورمانلىرى ئىچىگە مۇستەھكەم ئورۇنلاشقانىدى. ئالدىنقى سەپ قىسىملىرى جەنۇپتا «قارا تۆگە»نىڭ «كۆك چولاق» دېگەن يېرىدىن، شىمالدا «چولاق تېرەك» ۋە جوڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ قۇملۇقلىرىغىچە قۇرۇلغان ئىستىھكاملاردا جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتى. بومەزگىلدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۈزگەن «ئونبىر بىتىم» گومىنداڭ تەرىپىدىن قەستەن بۇزۇۋېتىلگەنلىكتىن، ئىككى تەرەپ قىسىملىرى جىددىي ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا قىسىملار بىر تەرەپتىن ھەربىي مەشىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل ئىستىھكاملارنى جىددىي ياساش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇداپىئەنى كېچە - كۈندۈزلەپ مۇستەھكەملەيتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەر ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كېلىدىكەن، دېگەن خەۋەر «ئورمانباغ»دىكى جەڭچىلەر ئارىسىغا چاقماق تېزلىكىدە تارقالدى. شۇ كۈنى مەن باتالىيون دىژۇرنىيى ئىدىم. پولك كوماندىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قىسىمنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىدىن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرگە دوكلات قىلىشقا تەييارلاندىم. قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، نېمىنى، قانداق دوكلات قىلىشنى ھېچ بىلمەيتتىم. چۈنكى شۇ چاققىچە ئەخمەتجان قاسىمىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئۇ سۆيۈملۈك رەھبەرنىڭ سۆزلىرىنى پەقەت گېزىت يۈزىدىن كۆرۈپ، سىياسىي يېتەكچىلەرنىڭ دوكلاتلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇ كىشىگە نىسبەتەن قەلبىمدە ئىنتايىن قىزغىن ھۆرمىتىم ۋە بىر كۆرۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئاشۇ ئارزۇيۇم بۈگۈن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولغاچقا، ھاياجىنىمنى بېسىش مەن ئۈچۈن قىيىن ئىدى. بۇ خىل ھاياجان يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، بارلىق جەڭچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى

چۈلغۈلغانىدى. شۇ سەۋەپتىن جەڭچىلەر بىر تەرەپتىن ئۆز ئىشلىرىنى يۇقىرى تىرىشچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلىسە، بىر تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. بىر چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبېك ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باشلىق بىر قانچە رەھبەرنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا پىيادە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ۋەزىپەمنى ئاتقۇرۇش ئۈچۈن ھاياجىنىمنى تەستە باستىم ۋە ھەربىي قائىدە بويىچە ھۆرمەت قەدەم بىلەن ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قىسىمنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىدىن قىسقا دوكلات قىلدىم. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىگە يارىشىملىق ماش رەڭ ھەربىي كىيىم، پۇتىغا ھەربىيچە سېرىق خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ دوكلاتىمنى ئىنتايىن سەممىي ۋە دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئاندىن مەيداندا ھۆرمەتتە تۇرغان جەڭچى - ئوفىتسېرلاردىن «جەڭگىۋار جەڭچى، ئوفىتسېرلار سالامەتمۇسىلەر؟» دەپ ئەھۋال سورىدى. بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ «ۋەزىپە ئۆتەشكە تەييارمىز!» دېگەن جەڭگىۋار جاۋابى پۈتۈن ئورمانباغ ئاسمىنىنى جاراڭلىتىۋەتتى. دەرەخلەرگە قونۇپ، ۋىچىرلىشىپ مۇڭدىشىۋاتقان قۇشلارمۇ خۇددى ئەخمەتجان ئەپەندىگە ھۆرمەت بىلدۈرگەندەك تەڭلا قانات قېقىپ كۆككە پەرۋاز قىلىشتى.

ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبېك ۋە ئابباسوپلار پۈتۈن قىسىمنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىنى، ئاكوپ - لەخمىلەرنى، جەڭچىلەرنىڭ ياتاق، تاماق ھەتتا ئورۇن - كۆرپىلىرىنى تەپسىلىي كۆزدىن كۆچۈردى. بۇ جەرياندا قانچىلىغان جەڭچىلەر چىن يۈرىكىدىن سېغىنغان ئاتا - ئانىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن تەسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى. رەھبەرلەر قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ جەڭگىۋار ھالىتى، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارىدا ئەخمەتجان قاسىمى سۆز قىلىپ: «قىسىمدىكى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ مۇشۇنداق يۈكسەك جەڭگىۋارلىقنى ساقلاپ، ئۆز ئىستىھكاملىرىنى ھوشيارلىق بىلەن قوغداپ تۇرغانلىقىدىن ئارقا سەپ خەلقىمىز خاتىرجەم تۇرماقتا. لېكىن دۈشمەننى تەۋەككۈلچىلىك قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھوشيارلىقىمىزنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈپ، جەڭگىۋارلىقىمىزنى بىردەممۇ بوشاشتۇرماسلىقىمىز كېرەك ... پات ئارىدا يەتتە ۋىلايەت تەلتۆكۈس ئازاد بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھەممىمىز تېخىمۇ خاتىرجەم بولىمىز...» دېدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ قىزغىن ھۇررا سادالىرى پات - پات ئۈزۈپ تۇراتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئاشۇنداق ئالقىش - سادالار ئىچىدە سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن باشقا رەھبەرلەر بىلەن بىللە پولىك شتابى تەرەپكە قايتىپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پولىك شتابىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، پەيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك بارلىق ئوفىتسېرلار، پولىك شتابىنىڭ ئورمان ئىچىگە ئاددى قىلىپ ياسىۋالغان يازلىق كۈلۈبى ئالدىغا يىغىلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوپ گۈلدۈرۈس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە سەھنىگە چىقتى. سەھنىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگە ئورنىتىلغان تاختىغا جۇڭگو خەرىتىسى ئېسىلغان بولۇپ، ھەممىمىز قانداقتۇر بىر جىددىي ۋەزىپە، بۇيرۇق بېرىلىدۇ دېگەن ئويدا تۇراتتۇق. ئابباسوپ قولىغا ئىنچىكە چىۋىق تۇتقان ھالدا سالماق قەدەم بىلەن خەرىتە ئالدىغا كېلىپ: «ھۆرمەتلىك ئوفىتسېرلار، كوماندىرلار بۈگۈن سىلەرگە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئۇرۇش غەلىبىلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەرمەكچىمەن» دېدى.

ئابباسوپنىڭ سۆزى قىزغىن چاۋاك بىلەن ئالقىشلاندى. ھەممىمىز ئۇنىڭ سۆزىگە پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتۇق. ئابباسوپ ئالدى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «ئونبىر بىتىم»نى بۇزغانلىقى، يەتتە ۋىلايەت خەلقىگە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرى، خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى كۆرەشلىرى ئۈستىدە توختالدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بىر ياقتىن ئاڭلاپ، بىر ياقتىن تەھلىل قىلاتتىم.

بۇ چاغدا مېنىڭچە، تاكتىكا ـ ستراتېگىيە جەھەتلەردە ئوڭۇشلۇق شارائىت بىزدە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش پەيتى بىزنىڭ قولىمىزدا. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسى بولۇپ، جېنى تۇمشۇقىغا كەلگەندە «ئۇنىبىر بىتىم» تۈزۈلدى، ئەمدى بولسا گومىنداڭ تەرەپ «بىتىم»نى قەستەن بۇزۇپ، خەلققە زۇلۇم سېلىپ، تۈگىمەس بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئەجەبا بىز پاسسىپ مۇداپىئەدە تۇرىمىز. نېمە ئۈچۈن ھۇجۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرمەيمىز؟ دېگەندەك چىگىش خىياللار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئاباسوپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ھالىتىمىزنى سەزگەندەك: «جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق قوشۇنى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پىلانلىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق جېندىسى يەنئەندىن 1947 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا چېكىنىپ چىققان. شۇندىن كېيىن شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى يوقاتتۇق، دەپ بىلىپ چالۋاقاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولغانىدى. لېكىن ئۇلار چوتنى خاتا سوقتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەل قىلغۇچ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەنئەننى قايتۇرۇۋالدى، خۇاڭخېنى كېسىپ ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈش قىلدى...» دېدى. ئۇ پۈتۈن ئۇرۇش سېپىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى، ئازاد رايونلارنى قولدىكى چىمۇيق بىلەن خەرىتىدىن كۆرسەتتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىكى شانلىق غەلىبىلىرى، جاي ئىسىملىرى، دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن چۈشكەن ئەسىرلەر، ئۆلگەنلەر سانى، ھازىر ئۇرۇشنىڭ نەلەردە بولۇۋاتقانلىقى، دۈشمەننىڭ قايسى قىسىملىرى تارمار بولغانلىقى قاتارلىقلارنى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ئېنىق قىلىپ سۆزلەيتتى. بىزنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتمەي تۇرۇشىمىزنىڭ سەۋەبىنى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى تۇرغانلىقىنى، ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرغاندا نۇرغۇن قان تۆكۈلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بىز مۇداپىئەدە تۇرغاندا، گومىنداڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشقا ئۇرۇش مەيدانلىرىغا يۆتكىيەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشى ئوخشاشلا بىزنىڭمۇ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز بولىدىغانلىقى، غەلىبە نىشانىمىزنىڭ يەنىلا بىر ئىكەنلىكىنى ناھايىتى جانلىق قىلىپ سۆزلىدى.

مەن پەقەت شۇ چاغدىلا جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەققىدە دەسلەپكى ساۋاتقا ئىگە بولدۇم. شۇنداقلا بىزنىڭ مۇداپىئەدە تۇرۇشىمىزنىڭ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى تولۇق بىلەن تەسلىم قىلىشقا قىستاش ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندىم. بۇ مەندە ۋە بارلىق ئوفىتسېرلاردا پەيدا بولغان يېڭى بىر چۈشەنچە ئىدى. بىزنىڭ بۇ خىل ھېسسىي بىلىشىمىز 1949 ـ يىلى مىللىي ئارمىيە بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلارچە قوشۇلۇشىدەك ئەمەلىيەت ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلاندى.

شۇ كۈنى كەچتە 2 ـ ئازادلىق نىشانلىق پولكىنىڭ يەر ئاستى كۇلۇبىدا پەيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىر، سىياسىي يېتەكچىلەر قاتناشقان يىغىن بولدى. يىغىندا ئەخمەتجان ئەپەندى سۆز قىلىپ: ئابدۇكېرىم ئاباسوپنىڭ دوكلاتىنى بارلىق ئوفىتسېرلار ياخشى ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنتىزامچانلىقنى، جەڭگىۋارلىقنى ئۆستۈرۈشىمىزنى تەكىتلىدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇ ئۈچ مەسىلىنى قىسمىنىڭ جىددىي ۋەزىپە قاتارىدا ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى ھەققىدە كونكرېت يولىيورۇق بەردى.

1. ئارمىيىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسىلىسىنى بايلاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ ھەل قىلىشتەك ئەھۋالنى ئىمكانىيەت بار ئازايتىش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ ئۆز ـ ئۆزىمىزنى تەمىنلەشنى يولغا قويۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن قىسىملاردىن بىر بۆلۈك كۈچ ئاجرىتىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش.

2. قىسىمدىكى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار ئىمكانىيەت بار ساۋات چىقىرىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، بىلىم ئاشۇرۇش، بۇ ئىشقا ئەمەلىي پىلان ۋە تەدبىر تۈزۈپ ئىجرا

قىلىش.

3. قىسمەندىكى بارلىق جەڭچى - ئوفىتسېرلار ھەربىي مەشىقنى كۈچەيتىپ، ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، سىياسىي ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدە توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش.

ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ يوليورۇقى كۆپ ئۆتمەيلا قىسىملار دائىرىسىدە ئەمەلىيلىشىشكە باشلىدى. پولنىڭ شتابى شۇ كۈزدىلا بىر قىسىم كۈچلەرنى ئاجرىتىپ، شىخو ناھىيىسىگە قاراشلىق بۆرتۇڭگە دېگەن يەردە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ ئىش باشلىدى. شىخو ناھىيىسىدە شوپۇرلار كۇرسى ئېچىپ، بىر قىسىم جەڭچىلەرنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى. قىسمىدىكى سىياسىي تەشۋىقات ئىشلىرىنى جانلاندۇردى. بۇ ھال قىسىملارنىڭ قىياپىتىدە زور يېڭىلىنىش ياسىدى.

# خەت

مەن ئۆرۈمچىدە ئېچىلغان «1993 - يىللىق يەرلىك مەھسۇلاتلار يەرمەنكىسى» گە قاتنىشىش ئۈچۈن بېرىپ، بىر ئايغا يېقىن تۇرۇپ قالدىم. قايتىپ كېلىپ ئىدارىگە بارغىنىمدا شەخسىي نامىمغا كەلگەن بىر مۇنچە خەت يىغىلىپ قالغانىكەن. ئارىدا ماڭا ناتونۇش بىر كىشىنىڭ ئىسمى يېزىلغان بىر پارچە خەت دەسلەپتىلا دىققىتىمنى تارتتى. دەررۇ ئېچىۋېدىم، تۆۋەندىكىلەر يېزىلىپتۇ:

«تاغام داۋۇت 1944 - يىلى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن سىز بىلەن بىرگە توققۇزتارادىن چىقىپ كەتكەنىدى. تاغامنىڭ 1946- يىلى شىخو ئۇرۇشىدا قازا تاپقانلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇرۇق-تۇغقانلار نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، قازاغا زىرا بولغانىدۇق. مەن ئۇ چاغدا كىچىك بولغىنىم ئۈچۈن تاغامنىڭ قانداق قازا قىلغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بۇ خەتنى يېزىشىمدىكى مەقسەت: يېقىندا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە قوراللىق بۆلۈمدىن ئىككى كىشى كېلىپ تاغامنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى. ئەمەلىي ئەھۋالنى تولۇق بىلمىگىنىم ئۈچۈن ئۇلارغا بىر نەرسە دەپ بېرەلمىدىم. تاغامنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان ئاتا - ئانام ۋە بەزى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، بەزىلەرنىڭ خىزمەت ۋە باشقا ئېھتىياجلار بىلەن سىرت يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا ئامالسىز قالدىم. سىزنى بورتالادا بار، تاغامنىڭ ئەھۋالىنى نىسبەتەن تولۇق بىلىدۇ، دەپ ئاڭلاپ بۇ خەتنى يازدىم. ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى سېپىدە تۇرغان چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالى، قالداق قۇربان بولغانلىقى، جەسىتىنىڭ نەدىلىكى ھەققىدە تەپسىلىرەك بىر ئىسپات خەت يېزىپ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمگە ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن...»

ئادەم ئۆز ئۆمرىدە كۆرگەن، يولۇققان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئەستە شۇ بويىچە ساقلىيالمايدۇ. لېكىن قەلبىگە قاتتىق تەسىر قىلغان بىرەر ئىشنى ئۇنتۇش ئۇنچىلا ئاسان ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مەنمۇ مەرھۇم داۋۇتنى داۋاملىق ئەسلەپ، يادلاپ تۇراتتىم. مانا بۈگۈن ناتونۇش كىشىدىن كەلگەن بۇ خەت خىيالىمنى 40 يىل بۇرۇنقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەڭگاھىغا يەنە بىر قېتىم ئېلىپ كەتتى.

1944- يىلى كەچكۈز ئايلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مىلتىق ئاۋازى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ توققۇزتارا ناھىيىسىگە ئاڭلاندى. شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭلا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىدىن بىزار بولغان، قاتمۇ - قات زۇلۇم دەستىدىن قەددى پۈكۈلگەن، زورلۇق - زومبۇلۇقلار، مىللىي خورلىنىشلار، خانىۋەيرانچىلىقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى ۋە بارغانچە كۈچىيىشىگە چىدىيالمىغان خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى غەزەپ - نەپرىتى بىردىنلا پارتلىدى. ئارا - گۈرجەك، تاياق - توقماقلار بىلەن قوراللانغان خەلق، دەھشەتلىك يىمىرىگۈچى بىر دولقۇندەك ئالغا قاراپ ئىنتىلدى. بۇ قوشۇننىڭ ئاساسىنى نامرات دېھقانلار، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەر تەشكىل قىلغانىدى. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە سودىگەر، بايلار، چارۋىدارلارغا ئوخشاش ھەر ساھە، ھەر تەبىقە ئادەملىرىنى ئۆزىگە قوشۇپ، بارغانسېرى زور بىر كەلكۈنگە ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇلار ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ قۇربان بولۇشىدىن، ھەممە روزىغارىدىن ئايرىلىپ كېتىشىدىن زادى غەم قىلمايدىغاندەك بىلىنەتتى. ئاشۇ قوشۇن ئىچىدە مەرھۇم داۋۇت يۇسۇپ بىلەن مەنمۇ بارئىدىم. بىزنى ھېچكىم بۇ قوشۇننىڭ ئىچىگە زورلاپ ئېلىپ كىرمىگەن. پەقەت كىچىكىمىز-

دىنلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زورلۇق - زومبۇلۇق، بۇلاڭ - تالاڭ، ئالۋاڭ - ياساقلىرىنىڭ ئەلىمىنى خېلى تارتقانلىقىمىز ئۈچۈن، قەلبىمىزدە كۆيدۈرگۈچ بىر ئۆچمەنلىك ئوتى يېنىپ تۇراتتى. مانا شۇ ئوت بىزنى ئىختىيارسىز ھالدا مۇشۇ قوشۇنغا ئېلىپ كەلگەنىدى.

داۋۇت يۇسۇپنىڭ شۇ چاغلاردىكى ھالىتى ھېلىغىچە كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇ، شۇ يىلى بالدۇرلا سوغ چۈشۈپ قېلىپ قار ياغقانلىقىغا قارىماي، تاپىنى تۆشۈك پىيمىنىڭ ئىچىگە بوغداي مەنگىنى قاپلاپ سېلىپ كىيىۋالغان، قولتۇقلىرى بۆسۈلۈپ كەتكەن كونا كۆرەك جۇۋۇنىڭ بېلىنى بىر غولاچتىن ئۇزۇنراق كۆلا ئاغامچا بىلەن مەھكەم باغلىۋالغان، ئادەمنىڭ كۈلگىسى كەلگىدەك بىر قولىقى يوق غەلىتە قولاقچىنى بېشىغا چۆكۈرۈپ، گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك ساقچىسىنى ئىشغال قىلغاندا قولغا چۈشۈرگەن كونا زامانغا تەئەللۇق بىر قىلىچنى بوينىغا ئېسىۋالغان ھالدا سەپنىڭ ئىچىدە تۇراتتى. ئۇ چاغدا بىز «توققۇزتارا پارتىزانلىرى» بولۇپ تەشكىللەنگەن بولۇپ، داۋۇت ئىككىمىز قوشۇندا دائىم بىرگە يۈرەتتۇق. ئۇ دادىسىدىن كىچىك تۇرۇپلا يېتىم قېلىپ ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتىرىپ يۈرگەچكە بالىلىقنىڭ خوۋلۇقىنى پەقەتلا كۆرمىگەنىدى. شۇ سەۋەپتىنمىكىن، ئۇ دائىم دېگۈدەك قايغۇ تۇرۇك ھالدا، قانداقتۇر بىر ئېغىر خىيال ئاستىدا يۈرەتتى. ئورۇنسىز گەپ، بىھۇدە شوخلۇق ياكى چاقچاق قىلمايتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كىچىكىمدىنلا بىرگە ئۆسكەن بولسامۇ، بىرەر قېتىم يىغلاپ باققىنىنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇ بايلارنىڭ باللىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايتتى. بىر كۈنى مەھەللىمىزدىكى ئەركە ئۆسكەن بالىنى بىر مۇشت بىلەنلا تىك موللاق چۈشۈرگىنى ئۈچۈن، ئەتىسى شاڭيۇنىڭ قامچىسىنى بولۇشىچە يىگەنىدى. شۇ چاغدىكى قامچىنىڭ ئىزى ئۇنىڭ دۈمبىسىدە خۇددى بىر قارا ئىلان چاپلىشىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. داۋۇت چوڭ بولغانسېرى شاڭيۇنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىمۇ ئېشىپ بارغاندەك قىلاتتى. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ھاشا، سېلىق بولسىلا داۋۇت ئۇنىڭدىن چەتتە قالدۇرۇلمايتتى. بىر قېتىم ھاشاغا بارمىغىنى ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ئۇنى بىر ئايدىن ئارتۇق تۈرمىگە قاماپ، ئىشلەتمىگەن ئىشى، ئۇرمىغان تايىقى قالماي، ئاخىرى تۈرمىدىن بىر تىرە، بىر ئۇستىخان قىلىپ چىقىرىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ساقچى بار بازار كوچىسىغا كىرمىدى، گومىنداڭ ساقچىلىرىنى كۆرسە ھەمىشەم تەتۈر قاراپ ئۆتتى. پەقەت قەلبىدە ئۆچمەس بىر قىساس ئوتى ياناتتى. شۇ ئوت تەپتىدىنمىكىن، ئۇ شۇنچە قاتتىق سوغۇققىمۇ قىلچە پىسەنت قىلماي يۈرەتتى.

شۇ يىلى 11 - ئايدا گومىنداڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدە قامالدا قالغان ئەسكەرلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، شىخودىكى ھەربىي قىسىمدىن بىر تۈركۈم ئەسكەرلىرىنى ئاجرىتىپ جىڭنىڭ ئۇدۇلىدىن تاغ يولى بىلەن ئىلىغا ئەۋەتكەنلىك خەۋىرىنى، توققۇزتارا ناھىيە ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي كومىتېت ئەزالىرىدىن ئابلىز ئاخۇن ئىمام بىلەن ئېلاخۇنلار پارتىزان ئەترىتىمىزگە يەتكۈزدى. رازۋېتچىكلىرىمىز شۇ ھامانلا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ توققۇزتارادىن 50 - 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قارا بۇرا رايونىغا كېلىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئېنىقلىدى ( قارابۇرا رايونى كۈنەس ناھىيىسىگە قاراشلىق بولۇپ، توققۇزتارانىڭ شەرقى جەنۇبىي يەنى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان). توققۇزتارا پارتىزان ئەترىتى گومىنداڭنىڭ شىخودىن كېلىدىغان ياردەمچى قىسمىغا توسۇپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىمىز ئۇۋانىڭ رەھبەرلىكىدە كېچىلەپ ئاتلىق يولغا چىقتۇق. ئۇ چاغدا ئېتى يوقلارغا پارتىزانلىققا قاتنىشىش ئىمكانىيىتى يوقلار ئات. كېيىم - كېچەك ياردەم قىلىپ تۇراتتى. داۋۇتمۇ شۇنداقلارنىڭ بىرىنىڭ ئېتىنى مىنگەنىدى.

بىز قارا بۇراغا يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا يېتىپ باردۇق. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى چوڭ بىر مال قورۇسىنى ئىگىلەپ، تۆت ئەتراپقا پوس قويۇپ ياتقان ئىكەن. ئۇلار تولۇق قوراللانغان بولسىمۇ، قىشنىڭ يىڭنىدەك سانجىلىپ تۇرىدىغان سوغۇقىدا ئۇزاق يول يۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر شارائىتىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى، بىزنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن ئۇلارنى يېڭىش ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. مال قورۇسىنىڭ ئەتراپى قېلىن چىغلىق بولۇپ، ئۆزىمىزنى يوشۇرۇپ قوتاننىڭ ئەتراپىغا يېقىنلىشىشىمىزغا تولۇق ئىمكانىيەت بار ئىدى. داۋۇت ئىككىمىزگە قورۇنىڭ قاشالانغان ئىشىكى ئالدىدىكى پوسنى ئۇجۇقتۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. بىز پوسقا ئون مېترچە يېقىنلاشتۇق. ئۇ سوغۇقتىن شۇمشەيگىنىچە مىلتىقنى قۇچاقلاپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئارىلىق 5 - 6 مېترچە قالدى. قاتتىق چىقىۋاتقان شىۋىرغان شەپىمىزنى كەينىمىزگە ئۇچۇرتۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بىز شۇنچىلىك يېقىنلىشىشقا ئىمكانىيەت تاپقان ئىدۇق. دەل شۇ پەيتتە داۋۇت بىرلا سەكرەپ دۈشمەن پوسىنى يومىلاقلىغىنىچە يەرگە

باستى. ئۇنىڭ بىر قولىدىكى پىچاق دۈشمەن كۆكسىگە سىپىنگىچە پاتقان بولۇپ، يەنە بىر قولى دۈشمەن گېلىنى ئامبۇردەك قىسقانىدى. پوسنى تىۋىش چىقارماي ئۈجۈقتۇردۇق. مۇشۇ پەيتنى كۈتۈپ تۇرغان پارتىزانلار دەھشەت بىلەن مال قورۇسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، بەخارامان ئۇخلاۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئورنىدىلا يوقاتتى. بىزنىڭ بۇ جېڭىمىز ئىنتايىن غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. دۈشمەن قولىدىن خېلىلا كۆپ قورال-ياراق، ئوق-دورا تارتىۋالدۇق. بىز يوقاتقان دۈشمەنلەر، گومىنداڭچىلارنىڭ ئالدىن چارلاپ ماڭغۇچى قىسمى ئىكەن. داۋۇت ئىككىمىز بىردىن «گېرمانكا ئاتار» مىلتىققا ئىگە بولدۇق. ئەترىتىمىزدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر قوللىرىدىكى ئارا، پالتا، توقماقلارنى، رەسمى جەڭ مىلتىقى، پىلىموت، ئاپتوماتلارغا ئالماشتۇردى. ئەترىتىمىزمۇ جانلىنىپ كەتتى. بۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە داۋۇت يۈسۈپ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنىدى...

شۇ غەلىبىدىن كېيىن ئەترىتىمىز غۇلجا شەھىرىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. شەھەر ئەتراپى دۈشمەنلەردىن تازىلىنىپ، گومىنداڭچىلار لياڭشاڭ، ھەرەمباغقا تىقىلىۋېلىپ جان تالىشىۋاتاتتى. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئەترىتىمىزگە قېرىنداش ئەترەتلەر بىلەن بىرلىكتە سۈيدۈڭنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى.

ھېرىپ-چارچىغىنىمىزغا قارىماي كېچىلەپ سۈيدۈڭگە يۈرۈش قىلدۇق. دۈشمەنلەر سۈيدۈڭ سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، سېپىلنى مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيىسى قىلغان ھالدا جايلاردىن كەلگەن قېرىنداش پارتىزانلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بىز سېپىلنىڭ شەرقىدىكى «دۆڭگۆۋەن» مەھەللىسى تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدۇق. بىر مەزگىل ئېلىشىشنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. ئاخىرى سېپىلدىن ئارتىلىپ كىرىش ئۈچۈن غەرب تەرەپتىن بىر نەچچە ئورۇنغا شوتا قويدۇق ھەم داۋۇت قاتارلىق يەتتە كىشى سېپىلغا ياماشتۇق. بىراق دۈشمەنلەر بىزنى سېزىپ قېلىپ بارلىق كۈچى بىلەن قارشىلىق قىلىپ، شوتىغا ياماشقان يەتتە پارتىزاندىن بەش نەپىرىنى ئېتىپ يىقىتتى. ئىلاجسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. ئەمما بەش پارتىزاننىڭ جەستى سېپىل تۈۋىدە قالدى. دۈشمەنلەر ھەممە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ سېپىل تۈۋىنى، بولۇپمۇ پارتىزانلىرىمىزنىڭ جەستى بار جاينى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ، توختاۋسىز ئوق ياغدۇرۇپ تۇراتتى. بىز ئەترىتىمىز ئورۇنلاشقان دالدا جايغا قايتىپ كەلدۇق. داۋۇتنىڭ كۆزىدىن غەزەپلىك ئوت چاقنىغاندەك ئىدى. ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ جەڭچىلىرىمىزنىڭ سېپىل تۈۋىدىكى جەسەتلىرىگە بىر قارىدى-دە، ئەتراپىدىكى پارتىزانلارغا: «سەپداشلىرىمىزنىڭ جەستىنى بولسىمۇ خارلىماي تېزدىن قۇتقۇزايلى!» دېگىنىچە سېپىلغا قاراپ ئۆمىلىدى. ئارقىدىن مەن، ئىبراھىم يۈسۈپ قاتارلىق بىر قانچىمىز تەڭلا ئۆمىلىدۇق ھەم بىر ئىلاجى قىلىپ سېپىل تۈۋىگە باردۇق. دۈشمەن مايغا چىلاپ ئوت يېقىلغان ھەر خىل نەرسىلەرنى ئۈستىمىزگە تاشلاشقا باشلىدى. ھەر بىرىمىز بىردىن جەسەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ ئۆمىلەپ قايتتۇق. داۋۇت ئىككى جەسەتنى قولتۇقلاپ كۆتۈرگىنىچە، ئىككىلا تاخلاپ ئەترىتىمىزگە يېتىپ كەلدى. بىز ئاخىرى سېپىلنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن سادىر پالۋاننىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئۆڭكۈر كولاپ، پارتلاتقۇچ دورا كۆمۈپ سېپىلنى پارتلىتىش ئارقىلىق كىرىش يولى ئاچتۇق. بۇ ۋاقىت دېكابىر ئايلىرىنىڭ 5-كۈنى ئىدى. سېپىل ئىچىدىكى، بولۇپمۇ ساقچى ئىدارىسىدىكى ھايات-ماماتلىق جەڭدە داۋۇت ئاجايىپ جەسۇرلۇق كۆرسەتتى. ئۇ ساقچى ئىدارىسىگە بېسىپ كىرگەنلەرنىڭ بىرىنچىسى ئىدى. ئۇدۇلىمىزدىن — گومىنداڭ تۈرمىسى قورۇسىدىكى پوتەيدىن ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقى ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە ئىمكان بەرمەيۋاتاتتى. ئاخىرى داۋۇت پوتەينى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قول بومبىسى تاشلاپ پوتەينى ۋەيران قىلدى. دۈشمەن پىلىموتىمۇ جىمىقتى. شۇندىن كېيىن ھەممىمىز ساقچى تۈرمە قورۇسى، شيەنجېڭفۇ قاتارلىق ئورۇنلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىشغال قىلدۇق.

سۈيدۈڭ ئازاد بولۇپ ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي يەنى 1945-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى مۇنتىزىم ئىنقىلابىي قىسىم — مىللىي ئارمىيىگە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلغاندا — «سۈيدۈڭ ئاتقۇچى 1-پولكى» قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت مۇنتىزىم ئارمىيىسى تەركىبىگە ئۆتتۇق. 8-ئايدا بورتالا قىزىلتۇز ئارقىلىق چۆچەك يولى بىلەن مېڭىپ چەيپەيزە دېگەن يەرگە كەلگەندە، دۈشمەننىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدۇق. دۈشمەن ئىستىھكاملىرى مۇستەھكەم ھەم شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار قوراللىرى بىلەن قوراللانغانىدى. بىز بۇ ۋاقىتتا ھەربىي تەلىم-تەربىيىگە پىششىق بولۇپ، جەڭگىۋارلىق كۈچىمىز خېلى ئاشقان، شۇنداقلا مۇنتىزىم ئارمىيە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىر سوتكىغا يەتمىگەن جەڭ جەريانىدا دۈشمەنلەر تۇرغۇن

ئەسكىرىي كۈچىدىن ئايرىلىپ، جەسەتلىرى بىلەن قوراللىرىنى قوشۇپ چەيپەيزە دەرياسىغا تاشلاپ شىخوغا قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئايروپىلانلىرى ئۈستىمىزدىن تاكى بىز شىخوغا يېتىپ بارغىچە ئوقتا تۇتقان بولسىمۇ قىسمىمىزغا چوڭ زىيان سالالمىدى.

چەيپەيزە ئۇرۇشىدا داۋۇت قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى. ئالدىنقىلارنىڭ بىرسى بولۇپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا باستۇرۇپ كىردى (ئۇ يېتىشكەن مەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ شۇ ئۇرۇشتا قانچە دۈشمەننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيمەن، پەقەت ئىككى چېرىكنى مارلاپ تۇرۇپ ئېتىپ يىقىتقانلىقىنىلا ئەسلىيەلەيمەن). بىز چەيپەيزە ئۇرۇشىدا خېلى تەجرىبە ھاسىل قىلىۋالغان ئىدۇق، شۇڭا شىخوغا ھۇجۇم قىلغاندا ئادەتتىكى قاملىقنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

داۋۇت «سۇيدۇڭ ئاتقۇچى 1- پولكى» (شىخو ئازادقىلىنغاندىن كېيىن شىخو 40 - پولك بولۇپ ئۆزگەرتىلدى). قۇرۇلغاندا، پولكقا بىۋاستە قاراشلىق «زەربىدارلار ئىززۆتى»غا ئېلىپ كېتىلگەنىدى. چەيپەيزە ئۇرۇشىدا ئۆزى يالغۇز بىر دانە نىمىسچە ئاپتومات، بىر دانە گېرمانكا كۆتۈرۈپ يۈردى.

شىخودىكى دۈشمەنلەرنىڭ تاللانغان قىسمىلىرى خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان ئىدى. ھۇجۇم باشلانغاننىڭ ئۈچىنچى كۈنى زەربىدارلار ئىززۆتى چوڭ بۇتخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەش بۇيرۇقىنى ئېلىپ، كوماندىر ئىززۆت شاۋكەت (تاتار يىگىت) باشچىلىقىدا ھۇجۇمغا ئاتلاندى. ئەمما بۇتخانا ئالدىدىكى سازلىق ھەم تۈز، ھەم پاتقاقچىلىق بولۇپ، تېز ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتايىن مۈشكۈللۈك تۇغدۇراتتى. بۇتخانىغا جايلاشقان دۈشمەنلەر جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىشىمىزگە ئىمكانىيەت بەرمەيۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ جەڭچىلەر بىرى يىقىلسا ئورنىنى ئىككىنچىسى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. بۇتخانىغا 100 مېتىرچە قالغاندا شاۋكەتكە ئوق تېگىپ چوڭ كۆۋرۈك ئالدىدا قۇربان بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى داۋۇت ئۈستىگە ئېلىپ ئىززۆتنى يەنە ئالغا باشلاپ ماڭدى. بۇتخانىغا 50 مېتىرچە قالغاندا داۋۇت چاققانلىق بىلەن كىچىك بىر پاناھ جاينى تېپىپ، دۈشمەن پوتېيىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن ئېتىلىۋاتقان پىلىموت تۆشۈكىگە قارىتىپ ئاپتوماتتىن ئوق ياغدۇردى، دۈشمەن پىلىموتى جىمىقتى. ئەمما يان تەرەپتىن داۋۇتقا قارىتا ئېتىلغان دۈشمەن پىلىموتىنىڭ ئوقى ئۇنىڭ بېقىنىدىن تېگىپ، ئوڭ قول قولتۇق ئاستىدىن چىقىپ شۇ ھامان يەرگە يىقىلدى. ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئىككى سېسترا قىز داۋۇتنى چەبدەسلىك بىلەن كۆتۈرگىنىچە يول ياقىسىدىكى ئېرىققا ئېلىپ چۈشتى. مەن ئۆزەمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ باردىم. داۋۇت غەزەپتىن قىزارغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ: «ئەخمەتمۇ سەن، سالامەت بولسام يەنە كۆرۈشەرمىز، مېنى ئۇنتۇپ قالما. يۇرتقا بارساڭ ئاپامغا سالام دە!» دەپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. سېسترالار ماڭا گەپمۇ قىلغۇزماي داۋۇتنى ئارقا سەپكە ئېلىپ كەتتى. بۇ مېنىڭ داۋۇتنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. شىخو ئازاد قىلىنىپ 5 - كۈنى داۋۇتنى غۇلجىغا — دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، جىڭ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى داخىيەنزە دېگەن يەردە ماشىنا ئۈستىدە جان ئۈزۈپتۇ. داۋۇت بىلەن بىرگە غۇلجىغا داۋالىنىشقا كېتىۋاتقان 4 - روتىنىڭ جەڭچىسى قۇربان مۇسا (ئۇمۇ غۇلجىدا دوختۇرخانىدا ۋاپات بوپتۇ) ماڭا شۇ يەردىنلا خەت يېزىۋەتكەن ئىكەن. خەتتە: «داۋۇت داخىيەنزىگە كەلگەندە بولالماي جان ئۈزدى. مەرھۇم جان ئۈزۈش ئالدىدا، مېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىمنى ئەخمەتكە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ئۇ ئانامغا مېنى سالامەت بار دەپ خەت يېزىۋەتسۇن، دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ جەسىتى داخىيەنزىدە (جىڭ ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلار قەبرىستانلىقى)غا قويۇلدى. قەبرە نومۇرى 63 . خەۋەردار بولارسىز دەپ يېزىلغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: شاكىرجان ئېلاچى

# نادانلىق

(ھېكايە)

سائادەت ياسىن

ئۆيىدىن يىغان بىلەن سۇغا چىققا پاشا ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كۆۋرۈكنىڭ يان تەرىپىدىن پەسكە چۈشۈپ، تولغۇنۇپ ئېقىۋاتقان سۇغا ھەم ئېقىننى بويلاپ ئۆسكەن ئىككى قىرغاقتىكى ئورمانزارغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ گاھ نېمىنىدۇ ئىزدىگەندەك ئەتراپقا تىكىلەتتى، گاھ بىر نېمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك سۈكۈت بىلەن دىققەت قىلاتتى. ئەتراپ سۇنىڭ شاۋقۇنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئىنتايىن جىمجىت ئىدى.

پاشا كۈندىكىدەك قۇرام تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆينىكىنىڭ ئېتىكىنى بىر قولىدا يىغىپ ئاۋايلاپ ئولتۇردى-دە، ئويچان كۆزلىرىنى يىراق - يىراقلارغا تىكتى.

باھار مەۋسۇمىنىڭ پەيزىگە تولغان بۇ گۈزەل ئايدىڭ كېچە، گويا سېھىرگەردەك يۈرىكىنىڭ قات - قاتلىرىدىكى يوشۇرۇن تۇيغۇلارنى ئويغىتىپ ۋە ئۆتكەن سىرلىق ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئەسلىتىپ، كىشىنى شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدۇراتتى.

شۇ تاپتا پاشا ئايرىلغىنىغا يىگىرمە يىلچە بولغان سۆيۈملۈك يولدىشى سادىقنىڭ بىردىنلا يېنىدا پەيدا بولۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى - ھە؟!...

قاياقتىندۇر نازلىنىپ كۈلگەن قىزنىڭ بوشقىنە ئاۋازى پاشانى خىيالدىن ئويغاتتى.

ئۇ بېشىنى بۇراپ يان تەرەپكە قارىۋىدى، بۇك-كىدە كۆكەرگەن بىر تۈپ دەرەخ يېنىدا بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. قىز يىگىتنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن توسايتتى، يىگىت بولسا قىزنى غىدىقلاپ قولىنى چۈشۈرەتتى - دە، ئۇنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ سۆيەتتى.

پاشا بىردىنلا بۇ تەنتەكلەرنىڭ ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك قىزغىن سۆيۈشلىرىدىن خىجىل بولۇپ، بىر ۋاقىتلارغىچە ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى يېپىۋالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ نەپەسلىرىمۇ تېزلىشىپ كەتكەنىدى.

بۇندىن يىگىرمە نەچچە يىللار ئىلگىرى پاشا 17 ياشلاردىكى كېلىشكەن، ئوماققىنە بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ تولغان بەستىگە قاراپ ھېچكىممۇ ئۇنى 17گە كىردى دەپ ئويلىمايتتى. بىر كۈنى ئۇ بىر ئاغلام چۆپنى يۈدۈپ كېلىۋېتىپ يولدا ئېشىكىگە چۆپ ئارتىپ كېلىۋاتقان سادىققا ئۇچرىشىپ قالدى.

سادىق 20 ياشلار چامىسىدىكى قارامتۇل، خۇش-چاقچاق يىگىت بولۇپ، پاشالار بىلەن بىر يېزىلىق ھەم بىر دادۇيدە ئىشلەيتتى. سادىقنىڭ قولى ئەپلىك، ھەر قانداق ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلالىغاچقا مەھەللىدىكىلەردىن تارتىپ تا دادۇي، گوڭشېدىكىلەرگىچە ئۇنى تونۇمايدىغىنى يوق ئىدى. شۇڭا پاشا ھېچ تارتىنمايلا:

— سادىق ئاكا، چۆپۈمنى ئېشىكىڭىزگە ئارتىۋېلىڭا! - دېدى.

— چۆپىڭىزنى ئېلىپ كەتسەم سىز قانداق قىلىسىز؟

— مەنمۇ؟ مەن سىز بىلەن تەڭ ماڭمامدىمەن!؟

— مەن بىلەن تەڭ ماڭالامسىز؟

بۇ گەپ پاشاغا قىزىق تۇيۇلۇپ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى:

— ئىشىنىڭگىزنى تاشلاپ قويۇپ دۆلدۆلدەك ئۇچمايدىغانسىز؟

— ئىشەنمەمسىز؟ قېنى ئەكىلىڭە قولىڭىزنى.

سادىق پاشانىڭ ئۆشنىسىدىكى چۆپىنى ئىشەككە ئارتىپ قويۇپلا، پاشانىڭ قولىنى تۇتتى. پاشانىڭ يۇمشاق قوللىرىدىن سادىقنىڭ يۈرىكىگە قانداقتۇر بىر ھۇزۇرلىنىش سىڭىپ كىرىپ ئۇنى بىر پەس گاڭگىرىتىپ قويغاندەك بولدى. كېيىن بۇ ھۇزۇرلىنىش بىر خىل قىزىق توك ئېقىمىغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. پاشا بولسا كۆڭلىدە ھېچقانداق نەرسىنى ئويلاپمۇ قويماستىن قاقاھلاپ كۈلگىنىچە يۈگرەيتتى...

شۇنىدىن باشلاپ پاشاغا ياخشى بولدى — ئۇ ئەندى ئېلىۋالغان چۆپىنى سادىقنىڭ ئېشىكىگە ئارتىپ قويىدىغان بولدى. پاشالارنىڭ بىر كالىسى بولۇپ، ھەممىلا يەر ئېتىز بولغاچقا كالىنى سىرتتا بېقىشقا بولمايتتى. ئانىسى بىلەن تاغىلىرى «قىز بالا دېگەن تولا ئوقۇسا بولمايدۇ، ئىشلەپ نومۇر ئالسۇن» دەپ ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا سالغانتتى.

بىر كۈنى ئۇ يىغقان چۆپلىرىنى ئەندىلا باغلاپ بولۇپ تۇراتتى، بىردىنلا سادىق ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇلار ئۇنى دېيىشىپ، بۇنى دېيىشىپ قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. گەپنىڭ ئاخىرى بېرىپ - بېرىپ ئىشقى - مۇھەببەت سۆزلىرىگە ئايلانغاندا پاشا:

— تووۋا دەڭا سادىق ئاكا، مەن مۇھەببەت دېگەننى نەدىن بىلەي، - دېدى.

— بۇرۇنغۇ بىلمەيتتىڭىز، ئەندى بىلىسىڭىز نېمە بولىدىكەن؟ - دېدى سادىق پاشانىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ.

— ئەگەر ئاپام ئاڭلاپ قالسا كاللامنى ئېلىۋېتەر.

— ئاپىڭىزغا نېمىشكە دەيتتىڭىز؟...

سادىق سۆزلىگەنسېرى پاشاغا يېقىنلىشاتتى. شۇ تاپتا پاشانىڭ يېتىلگەن قىزلارغا خاس تولۇق بەدىنى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى سادىقتا ياشلىقنىڭ تىلسىماتتەك سېھرىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى شىۋىرلاپ قويغاندەك بولدى. ئۇ پاشانىڭ قانچىلىك قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن كارى بولمىدى ...

بىراق، شۇ كۈنىدىن باشلاپ پاشا سادىققا ئۇچراپ قېلىشتىن ئۇيۇلۇپ ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يۈردى.

بىر كۈنى دادۈي ئىشخانىسى ئالدىدا كىنو قويۇلۇۋاتاتتى. سادىق ئالدى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلار قاتارىدا پاشانى كۆرۈپ قالدى، لېكىن پاشانىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى ئىنىسى ئولتۇراتتى. كىنو تۈگىگەندە سادىق پاشانىڭ ئالدىنى توستى.

— نېمانداق قىلىسىز سادىق ئاكا؟ ...ئەنە ئۇكىلىرىم، ئاپامغا بېرىپ دېسە ...

— دېسە مەيلى، سىزمۇ نېمىشكە مېنى ئويلاپ قويمايسىز؟

— بولدى تېز كېتىڭ، ئىنىلىرىم يوق تۇرىدۇ، ھېلىلا تاغىلىرىمنى باشلاپ كېلىپ قالمىسۇن.

— مەيلى، تاغىلىرىڭىز كېلىپ قىيما - چىيما قىلىۋەتسىمۇ تۇرۇپ بېرىمەن ... بولدى پاشا، قورقۇپ سىزمۇ يۈرەك ئالدى بولۇپ يۈرمەڭ، مەنمۇ سىزنى نەلەردە يۈرىدىكىن دەپ ئىزلەپ يۈرمەي، توي قىلايلى ...

— پاشانىڭ تاغىلىرى چۇقان كۆتۈرۈپ ئۇنى ئىزلەۋاتقاندا پاشا قورقىنىدىن سادىققا مەھكەم يېپىشىۋالغان ئىدى. مانا شۇ كۈنكى ئىشلار سادىق بىلەن پاشانىڭ قېچىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

— جېنىم، ئەندى قايتايلى، ئاپام ئەنسىرەپ كەتمىسۇن.

پاشا خىيالىدىن چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدى - دە، بايىقى قىز - ئوغۇلنىڭ تېخىچە يېنىدا ئىكەنلىكىنى ئەسلىدى.

— تېخى بالدۇرغۇ!؟ يەنە ئازراق ئولتۇرايلى، - بۇ ئوغۇلنىڭ يېلىنغان ئاۋازى ئىدى.

— يەنە ئازراق ئولتۇرۇپ نېمە قىلىدىكىنە؟! ئۇنداق بولسا سىز مەشەدە قېلىڭ.

— يالغۇز قالسام قورقىمەن. دوختۇر مېنى يالغۇز يۈرمە دېگەن.

— يالغۇز قالغان ئادەم ئۆلۈپ قالامتىمكەن ؟

هۇي ئەسكى ...

قىزنىڭ يىگىتكە ئەركىلەپ تۇرۇپ دېگەن بۇ ئاخىرقى سۆزى پاشانىڭ بايىقى شېرىن كەچۈرمىشلىرىنىڭ داۋامىنى ئەسلەشكە مەجبۇرلىدى بولغاي، ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ «ئۇھ» تارتتى.

كېيىنكى ۋەقەلەر قاباھەتلىك چۈشلەردىلا بولىدىغان ئىشلار ئىدى. بۇ چاغدا پاشانىڭ ئىككى بالىسى بولۇپ قىزى پاتىمەنىڭ تۇغۇلغىنىغا ئەندىلا بىر ئاي بولغان ئىدى.

بىر كۈنى كېچىدە تۇيۇقسىزلا دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلۇپ كەتتى. قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىكنى ھېس قىلغان پاشا ئالدىراپ كىيىنىۋاتقان سادىقنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— قورقما، مەن چىقىپ باقاي!

سادىق ئەندىلا ئىشىكنى ئېچىشىغا بېلىكىگە قىزىل باغلاۋالغان كىشىلەر ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ كەلدى.

— سادىق دېگەن سەنما؟ - باستۇرۇپ كىرگەنلەرنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك، توگلۇق بىلەن سورىدى بىرى، سادىقنى ھازىرلا يەر بىلەن يەكسەن قىلىۋېتىدىغان ھەيۋە بىلەن تىكىلىپ.

— ھە، مەن... ، نېمە بولدۇڭلارۇي، مېنى تونۇمايدىغاندەك گەپ قىلىسىلەرغۇ؟ - زادى نېمە ئىش بولدى؟...

— ئاغزىڭنى يۇم! نېمە ئىش بولدى دەپ تېخى بىزدىن سورايسەنغۇ؟! نېمە ئىش بولاتتى؟ سەن كونا ئەدەپ - قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلايلى، دەپ ئەترابىڭغا ئادەم توپلاپ ئىت يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ تەشكىلات قۇرۇپسەن ھەمدە تەشكىلاتىڭ ئۈچۈن يوشۇرۇنچە ئوقەت قىلىپ مەبلەغ توپلىماقچىكەنسەن...

— سادىقتا نېمە گۇناھ بار؟! قاچسام ئۇنىڭغا مەن قېچىپ تەگدىم، ئۇنى قويىۋېتىڭلار... - ساراي ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن پاشا، گويا بىر توپ ئاچ بۆرىنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك تۇرغان سادىقنى كۆرۈپ ئۇلارغا ۋارقىرىدى.

— ماۋۇ خوتۇن ساراڭمۇ نېمە؟ كاللا دېسە پاقالچەك دەيدىغان، - دېدى توپ ئىچىدىن بىرى.

— پاشا، بۇلارغا يالۋۇرغۇچى بولما!

— سىزدە گۇناھ بولمىسا...

— ئەمىسە گۇناھلىق ئىش قىلسام بولاتتىمۇ؟ شۇ گۇناھسىزلىقىم ئۈچۈن ...

— ئاغزىڭنى يۇم! ھېلى بىكار ئىت بېشىڭنى يانچىپ تاشلايمىز ...

— هوي ساراڭ بولدۇڭلارمۇ؟ ئادەمنىڭ بېشىمۇ ئىت باش بولامدۇ؟

— ھەي، مۇنۇ خوتۇن جىلىك ساراڭ ئوخشايدۇ، ئايىنىپ قالغانمۇ نېمە؟!

— بۇ...پاسىق سۆگەك ئاستىدىن چىققان جىن - ئالۋاستى بۇ، نەيرەڭ ئىشلىتىۋاتىدۇ...

— بولدى، سادىقنى ئېلىپ مېڭىڭلار!

— پاشا يىغلاپ سادىققا ئېسىلدى - دە:

— ئەندى مەن ئىككى بالىنى قانداق قىلىمەن؟ - دېدى.

— ئىنقىلاپ قىلىش بالا بېقىش ئەمەس، ئىككى بالىنى دېگەن قانداق گەپ بۇ؟! ئىنقىلاپ دېگەندە مىڭ بالا دېگەن نېمە؟ بىزگە قېتىلىپ، ئېرىڭدىن چەك - چېگرىڭنى ئايرىپ ئىنقىلاپ قىل. كەينىڭگە قارىتىپ نەيزە تۇرغانلىق خىزمەت كۆرسەتكەنلىك...

پاشا ئۇلارنىڭ يەنە نېمىلەرنى ۋارقىراپ - جارقىراشقانلىقلىرىنى بىلمىدى. پەقەت ئۇ ئېسىنى يىققان چاغدا كۆردىكى ئۆيدىكى پۈتۈن نەرسىلەر ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىپ چۇكۇپ تاشلانغانىدى...

پاشا كېيىنرەك بىلدىكى سادىقنى ئېسىيانچىلارغا چېتىپ، يوق بەدناملار بىلەن سولاتقۇزۇۋەتكەن ئۇنىڭ تاغىلىرى ئىكەن. شۇ تاغىلىرى كېيىن ئۇنى بىسىم ئىشلىتىپ كىملەرگىدۇ باتلىق قىلىشقا كۆپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ پاشانىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچراپ ئامالسىز قالغانىدى. پاشا سادىقنى ئۆزى ئۆيلىگەندىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. پەقەت تاغىلىرى بىلەن ئانىسىلا نېمىشقىدۇر سادىققا ئىنتايىن ئۆچلۈك قىلاتتى.

توغرا... دېدى پاشا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، - شۇ چاغلاردا مەن ئائىلىدىكى قىيىنچىلىقلارغا چىدىماي ئۆلىۋېلىشنىمۇ ئويلىغان. مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئىككى

بالامغاچىدىماي، لېۋىمنى چىشلەپ قولۇمنى كۆسەي، چېچىمنى سۇپۇرگە قىلىپ توپ - توغرا 14 يىلنى قۇم سانىغاندەك ساناپ ئۆتكۈزدۇم. ئۇ تۇرمىدىن چىققان يىلى بىزگە خەت يېزىپ: جېنىم پاشا! مېنىڭدىن رىشتىنى ئۈزمىگەن ئۈمىدلىكىم، قەدىردانىم پاشا! ئەندى مەن سېنى بېشىمغا تاج قىلىپ كۆتۈرۈپ باقىمەن. ئەندى نۆۋەت مېنىڭكى. شۇڭا ئالدىڭلارغا قۇرۇق قول بارالمايمەن. يەنە ئاز ۋاقىت بەرداشلىق بېرىپ تۇر جېنىم...» دېگەن ئىدى. شۇ سۆزى بىلەن مانا ھازىر ئالتە يىل بولدى ئۆيگە كەلمىدى. خەت، پۇل دېگەنلەر بەرىبىر يېزىم دىدار ئىكەن. ئارقا - ئارقىدىن شۇنچە نۇرغۇن پۇل ئەۋەتىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن يەنىلا كۆڭلۈمنىڭ يېرىمىلىكى يېرىم ...ئۇ ئەندى قايتىپ كەلسە بولاتتى. يېقىندىن بېرى چۈشلىرىمگىمۇ كۆپ كىرىۋاتىدۇ - غۇ. تاڭ ... پۇلغا ئامراق ئاپىلىم بىلەن تاغلىرىمۇ پۇلنى كۆرۈشۈپ جىمىپ قېلىشتى. ئەگەر ئۇ كەلسە...

× × ×

— ئاپا، يەنە بۇ يەرگە چىقىۋاپسەنغۇ؟ مەن سېنى شۇنچە ئىزدەپ كېتىپتىمەن.

— ھە، شۇنچىۋالا نېمە ئىش بولغانتى؟

— ئاكام بازاردىن قايتىپ چىققان ئىدى.

— ئاكاڭ پۇللارنى بانكىغا قويۇپتىمۇ؟

— نېمە دەيدىغانسەن، ئاكام بىر تراكتۇردا لىققىدە كارامەت نەرسىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ.

پاشا قىزى پاتىمەنىڭ ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋىردىن ئورنىدىن قانداق تۇرۇپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى.

— جۆيلۈمەيۋاتقانسەن!؟ بەلكى ئۇ نەرسىلەر بىزنىڭ ئەمەستۇر؟

— ئاكام تراكتورچىغا ئاپامدىن 30 سوم ئېلىپ بەر دەۋاتسا...

پاشا بېشىدىكى ياغلىقنى قامالاپ قولىغا ئالدى - دە، ئۆيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. دېگەندەك ئىشىك ئالدىدا بىر قول تراكتورى توختىغان بولۇپ ئۇنىڭدا توڭلاتقۇ، كىر يۇيۇش ماشىنىسى، رەڭلىك تېلېۋىزور قاتارلىق نەرسە - كېرەكلەر بېسىقلىق ئىدى.

— ئاپام كەلدىمۇ؟ تىراكتورچىنىڭ پۇلىنى...

— ئاناڭ بىر ياققا قېچىپ كەتكىنى يوق، مانا مەن! - پاشا ئەلەم بىلەن بوغۇلۇپ، تىراكتوردىن نەرسە-كېرەكلەرنى چۈشۈرۈشكە باشلىغان ئوغلى غەيرەتنى سوراققا تارتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى. - ئېيتە! ئەتىگەن مەندىن ئالغان شۇنچىۋالا پۇل قېنى؟ « پۇلنى ئۆيدە قويسا بولمايدۇ، بانكىدا تۇرسا ئۆسۈمى قېتىلىدۇ» دېگەنىڭ مۇشۇما؟ ماڭا پۇلنىڭ چېكىنى كۆرسەت!؟

— ئاپا، شۇنداق دېمىسەم ئۇ پۇل ئەسكى لاتا - پاتىلار ئارىسىدا تۇرۇۋېرەتتى. مانا ئەندى ئۆيىمىزگە زامانىۋى نەرسىلەر تولدى. پۇلۇڭنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ ئايرىپ قالمىدىم...

— ھوي، سېنىڭ نېمانچە بېشىڭ چوڭ بولۇپ كەتتى - ھە؟! خەپ - خەپ! سېنى نېمە دەپمۇ ئوقۇتقاندىمەن!؟ سېنى مۇشۇنداق ئاتىكاچا قىلغان ئاشۇ ئالىي مەكتەپ، ئۇ يەر ساق ئادەمنى ساڭا ئوخشاش ساراڭ قىلىدىغان يەر ئىكەن ...كىچىكىڭدە نېمە دېسەم، خوش ئاپا دەپ تۇراتتىڭ. مانا ئەندى ئوقۇپ ئىككى يىل بولا - بولمايلا بىرسى ساڭا قاراپ تۇرغاندەك ئۆزەڭنى پەدەزلەپسەن. گېپىمنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭچىلىك كۆرمەيسەن.

— ئاپا، ئۆزەڭنى بېسىۋالغىنە!؟ دادامىمۇ خېتىدە: «ئەۋەتكەن پۇللارغا كېيىم كېيىڭلار، چىرايلىق يۈرۈڭلار، ئۆيگە كېرەكلىك زامانىۋى نەرسە .. كېرەك-لەرنى ئېلىپ، كۆڭلۈڭلار خۇش بولىدىغان ئىشلارنى قىلىڭلار، مېنىڭ شۇندىلا ھاردۇقۇم چىقىدۇ» دېگەنغۇ!؟ پۇل دېگەننى مۇشۇنداق يەرگە خەجلىمەي نېمە قىلىدۇ ئاپا؟ - ئەندى پاتىمەمۇ ئاكىسى غەيرەتنىڭ تەرىپىنى ئالدى.

— ھە، ...ئەسلى ئىش مۇنداقكەندە ...شۇڭا ئىككىڭنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى ئوغرىلىقچە پىچىرلىشىپ، يېڭى سالغان ئۆيلەرنى ئاقارتىپ يۈرۈشلىرىڭ بىكار ئەمەسكەندە. ھوي سېنى ئۆيلىسەم كېلىننى نەگە كۆچۈرىمىز؟ قايسى پۇلغا قازان ئاسىمىز؟

— ئاپا، جېنىم ئاپا! سەن نېمىلەرنى

دەيدىغانسەن؟ مەن ئۇ ئۆينى ئۆزەمگە ئەمەس، ساڭا ئاتاپ سالدۇرغان...

— ئاپا، ئاچچىقلاۋەرمىگىنە، ئاكام تېخى ماۋۇ كونا ئۆيلەرنى ئۆرۈۋېتىپ ئۆزىگە كېلەر يىلدىن باشلاپ ئىككى قەۋەتلىك ئۆي سالماقچى...

— هوي، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلايدىغان هاماقەتلەر! ...ئىككى قەۋەت ئۆيدىن چۈشىدۇ تېخى. مەن ئۆمۈر بويى جاپادىلا ياشاپ كەلدىم. قولۇم ئەندى پۇل كۆرۈۋېدى ماۋۇ باش - باشتاق بازارغا ئاپىرىپ چېچىپ چىقىپتۇ.

— ئاپا، ئالدى بىلەن نېمە ئالدىڭ دەپ سورىساڭچۇ؟ - دېدى غەيرەت ئانىسىغا يېلىنىپ تۇرۇپ.

— شۇنى دېگىنە ئاكا، - پاتىمە ئاكىسىغا قاراپ قويۇپ ئاندىن ئانىسىغا دېدى، - قارىغىنە ئاپا، ئەنە ئاۋۇ توڭلاتقۇ، يېمەكلىكلەرنى ئىچىگە سېلىپ قويساڭ بۇزۇلماي ئۆز پېتىچە تۇرۇۋېرىدۇ. ئەنە ئاۋۇ رەڭلىك تېلېۋىزور، سېنى يەنە كىر يۇغاندا جاپا چەكمىسۇن دەپ كىر ئالغۇمۇ...

— بولدى كاپىشما! بالا باقتىم دەپ بالانى باققان ئوخشايمەن، شۇ جىنىنىڭ ئويۇنچۇقلىرىغا كەتكەن ۋاي ئىسسىت پۇل، ۋاي ئىسسىت پۇل! ئۆلەيمۇ ئەندى، تىرىلەيمۇ ئەندى ...پۇللارنى تويا سورىغاندەك سورۇپتۇ...

پاشا مۇشۇنداق ۋارقىراپ - جارقىراپ هالسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى...

ئەتىسى چۈش ۋاقتى بىلەن كەنت بوغالتىرى هەسرەپ - هۆمۈدەپ پاشالارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى.

— بۇ ياققا كەل ئوغلۇم ...ئاپاڭ قانداقراق؟ ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

— خېلى ياخشى. دوختۇرلار ئاپامنى: «نېرۋا ئاجىزلىقى بار ئىكەن، ياخشىراق دەم ئالسا ئوڭشىلىپ قالىدۇ» دەيدۇ.

— هازىرچە ئاپاڭ ئاغرىماي تۇرسۇن ئوغلۇم، داداڭدىن تېلېگرامما كەلدى، مانا ئوقۇ، ئۇ 13 - چىسلا كېلىدىكەن. يەنى ئۆگۈنلۈككە يېتىپ كېلىدۇ دېگەن گەپ.

— ئاھ خۇدا، ئاخىرى بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولىدىغان كۈنمۇ كېلىدىكەن - ھە!؟

— خۇدا رەھىمدىل، ئوغلۇم بەندىلىرىنىڭ تىلىكىنى يەردە قويمايدۇ. ئاينىڭ ئونبەشى قاراڭغۇ، ئونبەشى يورۇق دېگەن مۇشۇ. بولىدۇ ئەمىسە مەن ماڭاي، سەنمۇ ئۇ - بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغاچ تۇر. مەن ئەندى يۇرت ئاقساقاللىرىغا خەۋەر قىلغاچ تۇراي.

بوغالتىر كەتكەندىن كېيىن غەيرەت بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالدى. 20 يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن دادىسى بىلەن ئەندى بىردىنلا كۆرۈشۈش خۇشاللىقى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغاندەك بولدى. گويا ئۇ بىردىنلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك. گويا شۇ تاپتا بىر سېھىرلىك كۈچكە تولۇپ تېخىمۇ زورىيىپ كېتىۋاتقاندەك قىن - قېنىغا پاتماي كېتىۋاتاتتى. «ئەندى دادام كېلىدىغان بولدى! مېنىڭ دادام كېلىدىغان بولدى!» دەپ مەلىمۇ - مەلە يۈگۈرۈپ ۋارقىرىغىسى كېلەتتى. ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ بۇ خۇش خەۋەرنى ئانىسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تايچاقتەك ئويناقلاپ يۈگۈردى.

× ×

بۈگۈن كۈنمۇ ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، پاشانىڭ قورۇسى ئەتىگەندىلا مەھەللە ئاقساقاللىرى، كەنت رەھبەرلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلار بىلەن تولدى. غەيرەت قوي سويۇپ قازان ئېسىش بىلەن بولىۋاتقاندا، ئانىسى بىلەن پاتىمە ۋە قوشنا ئاياللار ئۆيلەرنى تۈزەپ دەستىخان راسلاۋاتاتتى.

جامائەت سادىقنىڭ يولىغا قاراپ ئىشىك ئالدىدا، كوچىدا توپلىشىپ تۇرۇشماقتا. كىشىلەر هېلى ئۇنداق دېيىشسە، هېلى بۇنداق دېيىشمەكتە. ئاخىرى سائەت 11 بولاي دېگەندە پارقىراق قارا قوڭغۇزدەك قارا «ۋولگا» كەنت كوچىسىغا كىرىپ كەلدى. يۇرت ئاقساقاللىرى «بەلكى شۇ» دېيىشىپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا مېڭىشتى. باشقىلارمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. ماشىنا كىشىلەر توپىغا يېقىنلىشىپ توختاپ، ئىچىدىن كۆلرەڭ كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، ئاق كۆينەككە قېنىق بېغىرەڭ گالستۇك تاقىغان بىر كىشى چۈشتى. شۇ تاپتا ئۇ بۇ كىشىلەر ئارىسىدا باشقىچىرەك تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە ماس كەلگەن چىرايلىق بۇرۇتى، پارقىراپ تۇرغان قاپ - قارا

چاچلىرى بىلەن بۇندىن 20 يىل ئىلگىرىكى ئۇزۇن ئاق كۆينەك ئۈستىدە، قارا پوتا باغلاپ، ئېشەك مىنىپ دۆيمۇ-دۆي قاتراپ يۈرگەن سادىققا ھېچ ئوخشىمايتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك جامائەت! ...ئەل-ئاغىنە، ئۇرۇق-تۇغقانلار!...

سادىق كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە ھۆرمەت بىلەن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ جامائەتكە ئېگىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! رەھمەت، ئوغلۇم، يۇرتۇڭنى ئۇنۇتماپسەن...

يۇرت ئاقساقاللىرى ساقاللىرىنى تىترىتىشىپ غۇلچىنى كەڭ ئېچىپ كەلگەن سادىق بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىشتى. گاھ سادىق كىملەر بىلەندۇ قول ئېلىشسا، گاھ كىملەر بىلەندۇ قۇچاقلىشاتتى، يەنە كىملەر بىلەندۇ چاقچاقلىشاتتى ...پاشا ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ:

— بالىلىرىمنىڭ دادىسى كېلىدىغان كۈنمۇ كېلىدىكەن كۆپچىلىك! مېنىڭمۇ ھويلام توشىدىكەنغۇ كۆپچىلىك! - دەپ قوشاق قېتىپ يىغلاشقا باشلىدى.

قوشنا ئاياللار بولسا ئۇنى-بۇنى دەپ پاشانى يىغىدىن توختىتىشقا تىرىشاتتى ئىدى. كىمدۇ بىرى چاقچاق قىلدى:

— ئېرىڭنى كۆرۈپ بېقىپ يىغلا خېنىم، سولاقتىن چىققاندەك ئەمەس، بەلكى بىر قارىساڭ چەت ئەللىككە، يەنە بىر قارىساڭ شەھەر باشلىقىغا ئوخشاپ قاپتۇ...

ئەندى ئاياللار ئىچىدىن ھەر كىم ھەر نېمە دېيىشكە باشلىدى:

— پۇل تاپقان ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ئويناپ كۆڭلىنى خوش قىلىپ يۈردى دەڭلارا...

— ۋاييەي! ھەر قانچە ئوينىسىمۇ ئۆزى دەستلەپ سۆيۈپ ئوينىغىنىغا يېتەمدۇ!؟

— ھاي-ھاي! ئاغزىم بار دەپ كاڭشۇۋېرىشمەھەي، قانجۇقلار! - قايسىدۇ بىر موماينىڭ ۋارقىرىشى بىلەن ئاياللارنىڭ قىزىق پاراڭلىرى پەسكويىغا چۈشتى.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ؟! - دېيىشتى باشقىلار.

شۇ تاپتا پاشانىڭ قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى كىرمەيتتى. ئۇ بىر ئامالالاپ دېرىزىدىن سادىققا قاراپ باقماقچىمۇ بولدىيۇ،بىراق، يەنىلا ئاياللارنىڭ: «ئېرى كەلگىچە ئارانلا تۇرۇپتىكەندە» دېيىشىدىن نومۇس قىلىپ ئۆيدىكىلەرگە چاي-تاماق تارتىش بىلەن بەنت بولۇپ يۈردى.

ئاستا-ئاستا كەچ كىرىپ مېھمانلارمۇ ئۇزاپ بولدى. بىر چاغدا قورۇدا بىر قانچەيلەننىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى-دە، يېقىن قوشنىلاردىن بىر قانچىسى سادىقنى باشلاپ چاقچاق قىلىشىپ پاشانىڭ قېشىغا ئەكىردى. پاشا راستىنلا ھەيران قالدى. ئۇ خىجىل بولۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي خۇددى يات بىرىگە قارىغاندەك، تۇرغان يېرىدە ھاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. سادىقمۇ پاشاغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. چۈنكى پاشا چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان، يۈزلىرىنى قورۇق ئارىلىغان ھالدا تۇراتتى.شۇنداقتىمۇ ئۇ ياشلىقتىكى ئوماقلىقىنى يوقاتمىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ بىر جۈپ جاپاكەش ئەر-ئايال ئاخىرى جەم بولدى.

× × ×

سادىقنىڭ يارامىلىق، كېلىشكەن ئەرگە ئايلىنىپ يۇرت-جامائەت ئالدىدا ئابرۇي تاپقىنىدىن ھەممە كىشى سۆيۈنۈۋاتقانلىقىدىن پاشانىڭ كۆڭلى ئېمىشقىدۇر غەشلىككە تولۇپ، ئۇنى ھېلىلا بىرى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك قىزغىنىشقا باشلىدى. مەھەللىدىكىلەرنىڭ، ئەل-ئاغىنىلىرىنىڭ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋېرىشىدىن بىزار ئىدى.

سادىق ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىدا تۇيۇقسىزلا بىر تۈرمىدىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇمۇ ھېلىقى بىر يىللىرى «قاراڭغۇ بازارچى» بولۇپ تۈرمىدە يېتىپ سادىق بىلەن يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالغانىدى. مانا شۇ «ئۆيۈڭگە قۇرۇق قول بارغىچە، مېنىڭ كەينىمدە يۈرۈپ ئانچە-مۇنچە ئوقەت قىلىپ پۇل تېپىپ كەت ئاداش، ئازراق دەسمى بېرىپ تۇراي»، - دېدى. شۇنىڭ بىلەنلا سادىق بالىلىرىغا خەت سېلىۋېتىپ ئوقەتنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەنە كېتىمەن، مانا كېتىمەن بىلەن مانا بەش يىلدىن ئاشقاندا ئۆيىگە بىراقلا پۇللۇق بولۇپ

قايتىپ كەلدى.

ئۇ كېلىپ ئىككىنچى ھەپتىسىلا ۋەيرانە ھالەتتىكى مەكتەپنى كۆرۈپ، يېڭى مەكتەپ سېلىۋېلىشنى تاپىلاپ كەنت رەھبەرلىرىگە 50مىڭ يۈەن پۇل بەردى. بۇ كەنتتە ئەزەلدىن تۈگمەن بولمىغاچقا قوشنا كەنتكە بېرىپ ئۇن - ماي تارتقۇزۇپ كېلەتتى. سادىق كېلىپ ئۈچىنچى ھەپتىدە تۈگمەن بىلەن ماي تارتىش ماشىنىسىنى ئېلىپ بەردى. ئۇ يەنە يىراق - يېقىندىن كەلگەن كارخانىچىلار ۋە سودىگەرلەرگە مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرەتتى. كۆپۈنچىلىرى سادىقنى ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە كارخانا ياكى شىركەت قۇرۇپ ئىشلەشكە ئىلتىماس قىلاتتى. بىراق سادىقنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئويلىغىنى بار ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ ئوقۇشىغا ۋە ئۆزىنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، جاپاكەش ئايالى پاشانىڭ ئۆزى ئېرىشكەن بەختتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ ئەندىكى كۈنلىرىنى شاد- خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شەھەردىكى ئېلىپ قويغان ئۆيگە كۆچۈرۈپ كەتمەكچىدى.

بۇگۈن ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئايالى پاشانىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىدى.

— سىز ھە دېسىلا بۇنى كىيىۋال، ئۇنى كىيىۋال دەپ ئاتا - ئانام كۆرمىگەن بىر نېمىلەرنى ئەكېلىپ تاشلىدىڭىز. مۇشۇنداق يۈرسەم كۆزىڭىزگە سەت كۆرۈنگىدەكمەنما؟ بۇگۈن ئەندى چېچىڭنى بويىۋال دەۋاتىسىز.ئېنىقلا تۇرمامدۇ، سىز مەندىن ئىزا تارتىۋاتىسىز، مېنى ئۆزىڭىزگە تەڭ قىلمايۋاتىسىز، - دېدى پاشا.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن پاشا، مەن سېنى ئەندى راھەت كۆرۈپ، ياشىرىپ كەتسۇن دەيمەن.

— قۇرۇق گەپ، ئەينۇلۇق قىلىۋاتىسىز. 40 ياشتىن ئاشقاندا ئادەم ياشارغان نەدە بار؟

سادىق ئىلاجىسىز كۈلۈپلا قويدى. ئۇ بىچارە ئايالىنىڭ جاپالىق يىللاردا دەرت - ئەلەم چېكىپ تېرىككەك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

لېكىن شۇندىن باشلاپ ئائىلىدە ئۇششاق - چۈشەك جېدەللەر ئۈزۈلمىدى. پاشا ھەممە نەرسىگە چېپچىلىپلا يۈرەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەنسىز كۆرۈنەتتى.

بىر كۈنى تۇغقانلاردىن بىرى ئۇلارنى چايغا چاقىردى. سادىق پاشا ئولتۇرغان كۆرپىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى. پاشا ئۇنى ئۆزىدىن يۇقىرى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، سادىق ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، شۇ ئىش بىلەن يەنە پاشانىڭ نېرۋىسى چېچىلدى.

— مانا ئەمەسمۇ، مېنى نەگىلا بارسا مەسخىرە قىلىدۇ. ئەرلەر دېگەن ئاياللاردىن يۇقىرى ئۆتتۈپ ئولتۇرامدۇ؟! بۇچۇ، بۇ مېنى مۇشۇنداق يامان ئاتاق قىلىپ ئۆزى ياخشىچاق بولىۋالىدۇ، - دەپ مېھمانغا بارغان ئۆينى بېشىغا كىيدى.

ئۇنىڭ مىجەزى بىر خىل ئەمەستى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ يېتىۋېتىپ سادىققا بوش ئاۋازدا پىچىرلىدى.

— سادىق، بىزنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزور ئالغىنىمىزنى مەھەللىدىكىلەر كۆرەلمەي گەپ تېپىپ يۈرۈپتۇ. بەزىلەرنىڭ ئىچىگە ئوت كەتكەن بولسا كېرەك. ئۆيگە كىرىپ، رەڭگى ئۆڭۈپ تېلېۋىزورنى قايتا - قايتا سىلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ...

— نېمىشقا ئەندى؟

— نېمىشقا بولاتتى، ئىچى تارلىق قىلىۋاتىدۇ - دە!

— پاشا، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىدىغانسەن!؟ بۇ كۈنلەردە تېلېۋىزور كىمنىڭ ئۆيىدە يوق؟ ئۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ يۈرمە جۇمۇ، سەت بولىدۇ.

— مانا دېمىدىممۇ، بۇ ئىشتىمۇ مەن ئەيىبلىك. مەن زادى كۆزۈڭگە سەت كۆرۈنگەن گەپ، ئاپام بىلەن تاغاملارنىڭ دېگىنىچە بار.ئۇلارچۇ، ھېلىقى كۆتۈرۈپ كەلگەن رەسىملىرىڭنى كۆرۈپ ماڭا ھەممىنى دېگەن. مەن ساڭا دېمەي كېلىۋاتقان بىلەن مۇشۇ ئاي- مۇشۇ كۈنلەردە ئىچىم دەرتكە تولدى. كۆردۇق، قوچاقتەك سەتەڭلەر ئەتراپىڭدا پاي - پېتەك بولۇپ تۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. تونۇمىغان ئەر بىلەن ئاياللار نەدىمۇ بىرگە رەسىمگە چۈشۈدۇ؟ مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ شۇڭا ھە دېسىلا مەندىن قۇسۇر ئىزدەۋاتىسەن. بىر ئامال قىلىپ

يوقىتىشىنىڭ كويىغا كىرىۋاتسەن ...سەن زادى بوزەك قىلىمەن دېمە! مېنىڭ تاغدەك، ھەر بىرى بىر شەھەرگە تېتىغىدەك تاغىلىرىم بار. گېپىڭ بولسا ئوچۇق قىل!

سادىق، ئىگىكىنى تۇتقىنچە، پۈتۈنلەي ئۆزگەرىپ باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ كەتكەن پاشاغا ھاڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

سادىقتا ئاشۇلىدىكى مۇنداق يولسىزلىق بىلەن بولىۋاتقان جېدەللەر ھار كەلدى بولغاي ئۇنىڭ رەڭگىرومۇ باشقىچىلا بولۇپ قالدى.

غەيرەت دادىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ ھەر خىل يوللار بىلەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ ئاپىسىنىڭ مىجەزىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. بۇ چاغدا سادىق غەيرەتكە: «ئوغلۇم، ئاپاڭ ھەقىقەتەن كۆپ جاپا چەكتى. شۇڭا نېرۋىسى ئاجىزلاپ قاپتۇ. ئۇنى توغرا چۈشىنىمەن» دەيتتى. دادىسى يوق چاغدا غەيرەت ئاپىسىغا نەسىھەت قىلىپ كېتەتتى. بىراق پاشا يەنىلا ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ:

— داداڭنىڭ مەخسىتى باشقا، مەن ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم مۇشۇ يەردە خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىپ يەر تېرىپ دەرقەمتە ئۆتەيلى دېسەم: «بۇ يەر بەك چەت، پۇل تېپىشقا قولايسىز دەيدۇ. پۇل تېپىپ ئەرشى - ئەلاغا چىقاتتۇقمۇ دېسەم: «ئەرشى - ئەلاغا چىققانلارمۇ بىزگە ئوخشاش» دەيدۇ. ئىش قىلىپ نىيىتى بۇزۇق. - دەپ ۋارقىرايتتى.

غەيرەتنىڭمۇ تەتىل ۋاقتى توشۇپ قالغانىدى. بۈگۈن ئۇ شەھەرگە بىلەت ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ دادىسىغا:

— دادا، ئاپامنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، دېگەنلىرىڭىزگە سىڭلىم ئىككىمىز قوشۇلىمىز. ئاپامنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ بېشىنى پىقىرتىۋاتقان شۇ تاغىلىرى، سىڭلىمنىڭمۇ مەكتەپ پۈتتۈرەلمەسلىكىگە سەۋەبچى بولغانلارمۇ مۇشۇلار. ئەگەر مېنىڭ قارشىلىقىم بولمىغان بولسا ئۇلار ئاللا بۇرۇن: «قىز بالا چوڭ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ» دەپ ياتلىق قىلىۋېتەتتى. - دېدى.

سادىق كۈلۈپ كەتتى - دە:

— نادانلىق، ھەممىسى ئەتۇرلۇكدىن بولۇۋاتقان ئىشلار بۇ، ئوغلۇم. - دېدى.

غەيرەت، شەھەردە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ ئەتىسى يېزىسىغا قايتىپ چىققاندا، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدى. سادىقنىڭ باش - كۆزلىرى تېڭىلغان بولۇپ، يۈزلىرى كۆكەرگەن ئىدى. غەيرەت سىڭلىسى پاتىمەدىن ئەھۋالنى تەپسىلىي ئۇقتى.

يېزىدىكىلەرگە مەكتەپ ھەم ئۇن زاۋۇت سېلىشقا پۇل بەرگەنلىكىنى ئۇققان تاغىلىرى مۇدى قوپۇپ: «شۇمۇ ئىشمۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ تۇغقانلىرى تۇرغاندا خەققە بىكاردىن - بىكارغىلا پۇل بېرىدىغان قانداق ساراڭ بۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن پاشا بىكار جاپا چەكتىما؟ پاشانى بىز بىكارغا باقتۇقما؟ ئالدى بىلەن بىزنىڭ پاشانى باققان ئەجرىمىزنى تۆلىسۇن!» دەپ چوقان سېلىشىپ كېلىپ سادىقنى ئۇرۇپ، پاشانى ئېلىپ كېتىشكەن ئىدى.

ئاچچىق ۋە ئەلەمدىن غەيرەتنىڭ قۇيىقى چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى - دە:

— ياق دادا، مەن دېگەن ئوغۇل بالا، ئۇلارغا ئۆزەمنى تونۇتمسام ھېساب ئەمەس! - دەپ مېڭىشىغا ئۇنى دادىسى توختىتىۋالدى.

— بەس ئوغلۇم، ئۆزەڭنى بېسىۋال! «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن دانە سۆزنى ئۇنۇتما! ئۇلار بىلىمسىز نادانلار، ئۇلار دائىم ئىنساپ، ئەخلاق، ھايا - نومۇس دېگەن سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزلىرى چۈشەنمەيدۇ. چۈشەنمىسمۇ چۈشەنمەسلىككە سېلىۋالىدۇ...

— لېكىن دادا، ئاپام نادانلاردىن ئەمەستە؟

— ياق، ئوغلۇم. ئاپاڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېخىمۇ بىچارە نادان. ئاپاڭنىڭ خىيالىدا تاغىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى ماڭا بىر تونۇتماقچىدى. لېكىن ئىش ھېلىقى تەلۋە-نادانلارنىڭ قولىدا يوغىناپ كەتتى...

تۇيۇقسىز دەرۋازا ئېچىلىپ كەنت باشلىقى بىلەن بىر توپ مەھەللە ئاقساقاللىرى كىرىپ كېلىشتى. سادىق بىلەن غەيرەت ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— بۇ قانداق گەپ؟! - دەپ ۋارقىراپ سۆزلە-

گىلى تۇردى كەنت باشلىقى سالام - سائەت قىلىشقاندىن كېيىن جامائەتكە قاراپ. - قانداق دېگەن مۇتىھەم ئۇششۇقلۇق بۇ ھە؟! بى سوراق، خالىغانچە ئادەم ئۇردىغان زامانما - بۇ؟! ياق جامائەت، مەن يېڭىراقتىلا ئەھۋالنى ئۇقۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئادەم ئەۋەتتىم. بىزدە قانۇن بار - قانۇن! بۇنىڭ جاۋابكارىنىڭ چوقۇم ئەدىبىنى بېرىمىز…

— ئۇلارنىڭ خورىكى يامانمۇ ئۇسۇپ كەتتى، بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويۇش كېرەك!

— ھېلىمۇ سادىق چىداشلىق ئىكەن، شۇلارنىڭ دەستىدىن ئاز جاپا چەكتىمۇ؟!

— بىچارە پاشانى قايمۇقتۇرۇۋاتقانلارمۇ شۇلار، ئۇ تاغىلىرىنىڭ شۇملۇقىدىن قورقۇپ يۈرەك ئالدى بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ سادىقتىن ئايرىلغۇسى يوق.

— كۆپچىلىك، ئۇنى سادىققا قوشۇپ شەھەرگە يولغا سېلىپ قويايلى!

كەنت باشلىقىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا كىشىلەر شۇنداق تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىرىشىپ سۆزلەپ كېتىشتى.

— ھە، كىم ئىكەن ئۇ قىزىمنى قوشۇپ شەھەرگە يولغا سېلىپ قويىدىغان - ھە؟

جامائەت تۇيۇقسىز چىقىراپ چىققان ئاۋازدىن سەسكىنىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراشتى.

پاشانىڭ ئانىسى، ئىككى تاغىسى ۋە ئىككى ئىنىسى پاشانى ئالدىغا سېلىپ قورۇغا باستۇرۇپ كىرىپ كەلدى.

— ھەر قايسىڭلار ماڭا بالا بېقىشىپ بەرگەنمىدىڭلار!؟ يا مەن تۇغۇۋاتقاندا تەڭ تولغاق يەپ بېرىشكەنمىدىڭلار!؟ - پاشانىڭ ئانىسى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قەھرلىك كۆزلىرىنى جامائەتكە تىككىنىچە شاللىرىنى چىچىپ ۋارقىراپ - جارقىراشقا باشلىدى.- پاشانى شەھەرگە ئېلىپ كېتەمدىكەن؟ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپتۇ ئۇ سولتەك! مېنى بىلمەيدۇ دېمىسۇن، مەنچۇ يەرنىڭ ئاستىدىكى ئىلاننىڭ كۆيشىگىنىنى بىلىمەن. مەن بىلمەيمەنما؟ مەنمۇچۇ ئا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا نى - نى ئىشلارنى قىلىۋەتكەن، بۇنداق ئىشلارنى بىلگۈچىلىكىم بار. ئۇچۇ، قىزىمنى شەھەرگە ئاپىرىۋېلىپ ئىشكىرىدىن تېپىپ كەلگەن ئالۋاستى خوتۇنلىرىغا شەھەرلىك ئاشنىلىرىغا مالاي قىلىپ، ئويۇنچۇق قىلىپ بەرمەكچى، ئاندىن زېرىكتۇرۇپ خېتىنى بېرىپ بىر تىيىن پۇلسىز قوغلىۋەتمەكچى… ئۇنداق ئاسان ئىش يوق… ئۆي تۇتقىسى بولسا مەشەدە تۇتسۇن، بولمىسا ئۇنىڭغا قوشۇپ قويىدىغان قىزىم يوق.

ھەدىسىنىڭ سۆزىنىڭ تۈگەۋاتقانلىقىنى سەزگەن پاشانىڭ چوڭ تاغىسى تۇراق چوقۇر سادىقنىڭ كۆزلىرىنى ھېلىلا ئويۇۋېتىدىغان ئەلپازى بىلەن قوللىرىنى تەڭلەپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

— سادىق، پاشانىڭ گۈلدەك ھۆسنىنى نابۇت قىلدىڭ. سىڭگەن نېنىڭنى يەمەي ئەكسىلئىنقىلابچىلىق قىلىپ، ئۇقەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تۈرمىگە بېرىپ يېتىۋالدىڭ. ئەندى بېشىڭغا كىچىككىنە يورۇق چۈشۈپ قولۇڭغا تۆت تەڭگە پۇل كىرىۋىدى شۇنچىۋالا يوغىناپ كەتتىڭما - ھە؟ سەن پاشانى قېرىنداشلىرىدىن، ماكانىدىن ئايرىپ ئاتا - ئانام كۆرمىگەن بىر يەرلەرگە ئاپىرىپ نىمە قىلماقچىدىڭ - ھە!؟ ۋېلۇن دوزاققا تاشلىماقچىما؟ سېنىڭدەك سادىقتىن بەش - ئۇنى پېقىش قىلىپ ئىتلارغا خام تالاش قىلىۋەتمىسەم…

تۇراق چوقۇر شۇنداق دەپلا غىلاپتىن پىچىقىنى ئالدى.

بىراق، شۇ ھامان ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولى ھاۋادا پۇلاڭلاپ قالدى. ئۇ ئىسنى يىققىچە كۈچلۈك بىر قول ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ كويزا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يېزىلىق ئامانلىق ساقلاش خادىمى ئەكبەر بىلەن ساقچى فورمىسى كىيگەن يەنە ئىككى يىگىت تۇراتتى…

شۇ ئىش ئۆتۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن سادىقلار شەھەرگە كۆچۈپ كەتتى. ئەلۋەتتە، پاشامۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئولتۇرغان بۇ ھەشەمەتلىك ماشىنىدا ئەتراپىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەرگە قاراپ چۆچۈپ - چۆچۈپ ئولتۇراتتى. كىم بىلىدۇ تېخى شەھەردە يەنە ئالىلىقاندىق نەرسىلەر ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ. خۇدايىم ئۆزى ساقلىسۇن!

**مەسئۇل مۇھەررىر: سىدىق تۇرسۇن**

# ئىككى ھېكايە

مەمتىلى ھېلىم

## يامغۇرلۇق كېچە

قاراڭغۇلۇق قوينىدا يامغۇرنىڭ تاراسلاپ يېغىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سوغۇق شامال يامغۇر تامچىلىرىنى دېرىزە ئەينەكلىرىگە ئۇراتتى. يامغۇر تامچىلىرى دېرىزە ئەينەكلىرىدىن يىتىمنىڭ كۆز يېشىدەك تۆۋەنگە ئاستا سىرغىيتتى. يامغۇرنىڭ تاراسلىشى، دەرەخ شاخلىرىنىڭ شىلدىرلىشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز كىشىگە تولىمۇ غەمكىن، مۇڭلۇق تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى.

مەن يېزىق ئۈستىلىمدىن قوزغىلىپ، كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇرۇشۇمغا ئىشىك ئەنسىز ئېچىلدى. چۆچۈپ قارىغىنىمدا ساۋاقدىشىم قەيسەر ئۈستى - باشلىرى ھۆل ھالدا لىغىلدىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى، كەيپىلىكتىن قىزىرىپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرى خۇنۇك پىلدىرلايتتى.

— قانداقراق ئەھۋالىڭ، دوستۇم. مۇدھىش دۇنيادىكى ھايات سەپىرىڭ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتامدۇ؟ - ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىپلا قىلغان گېپى شۇ بولدى. ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ قاراپلا قالدىم.

— ماڭا قاراپ ئەجەبلىنىۋاتامسەن؟ ئەجەبلەنمە. دۇنيادا ئۆزى كۆزلىگەن ئارزۇ - ئارمانلارغا يېتەلمىگەن ئادەمنىڭ تەقدىرى كەچ كۈزدىكى يوپۇرماقتەك ئاجىز، قەدىرسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بەخت دېگەن نېمە؟ پۇلمۇ ...سەن دەپ باقە...

ئۇ دەلدۈگىنىپ ماڭغىنىچە كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى - دە، مېنىڭ جاۋابىمنىمۇ كۈتمەستىن سۆزلەشكە باشلىدى.

— بەخت دېگەن خاتىرجەملىك ... بىراق، ئىنسانىنىڭ خاتىرجەم بولىدىغان كۈنلىرىمۇ بارمۇ؟ ئادەم ھاياتلىقتا نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلىدۇ. بولۇپمۇ ۋىجدانلىق ئادەملەر. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي زەخىملەنگەن بولىدۇ. سەن بىر يازغۇچى، سىلەر يېزىۋاتقان ئادەملەر ئەجەپ ئاسان بەختكە ئېرىشىدىكەن ... دۇنيادا بەختلىك ئادەملەردىن بەختسىز ئادەملەر كۆپ ... مانا مېنىڭ بەختىمنىمۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر قارا قۇيۇن نەلەرگىدۇر تۇزىتىۋەتتى. ھاراق...ھاراق بارمۇ ئاداش، قۇيە، خىيالنى كەسكىدەك بىر ئىچەيلى. ماڭا يىرگىنىش بىلەن قارىما. ھاراق ئىچكەنلەرگە ئادەملەر شۇنداق قارايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ بېقىشنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر تىۋىشلىرىغا ھاياتتىكى قانداق پاجىئەلەر چىرماشقانلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلىشمايدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئۇنى ئەيىبلەش، كەمسىتىشلا...

ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى پەملىدىم. ئارتۇق گەپ قىلىشنى بىمەپ كۆرۈپ، ئىشكاپتىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئالدىم.

— قۇرۇقلا ئىچمەك بولماس، تاققىدىلا سىرتقا چىقىپ...

— بولدى، قوي! - ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى كەسكىن چىقتى، - ياخشى كۆڭۈللەر تېپىشقاندا ھەشەمەدىرەمنىڭ نېمە كېرىكى. ئالىي مەكتەپتىكى چېغىمىزدا قۇرۇق سۇ بىلەنلا ئىچەتتۇقغۇ؟! نېمە دېگەن گۈزەل دەۋرلەر بولغىيدى شۇ ...ھەر ھالدا چېيىڭمۇ باركەن ...ھەي، يازغۇچى، سەن بۇ يەردە قېنىق،قېنىق

چاي ئىچىپ ئەسەر يېزىۋاتقىنىڭدا، تۇرمۇشتا قانداق پاجىئەلەرنىڭ بولىۋاتقىنىنى خىيال قىلامسەن؟ ھاياتنىڭ ئاچچىق ئازابىدىن ئۆز بەختىنى كۆرەلمەي قان قوسۇپ ئۆلىۋاتقانلارنىمۇ كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەمسەن؟ ھارىقىڭنى تولدۇرۇپ قوي، ئادەمنىڭ چىشىدا قالماي يۈرەككە تەپسۇن.ماقۇل ئەمسە، ئىچتۇق...

ئۇ ھاراقنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن چايدىن بىر- ئىككى يۇتۇم ئوتلاپ جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى. ھاراق كۆڭلىدىكى پاراكەندىچىلىكنى ھەيدەيدىغان بولدى، دەپ خۇش بولۇپتىم، لېكىن ئۇ يەنە ئەزۋەيلەپ سۆزلەشكە باشلىدى...

— دوستۇم سەن مېنىڭمۇ يۈرىكىمنىڭ ئېچىنىشلىق ئىڭراشلىرىنى ئاڭلاپ قوي. مەن بۇنچە چۈشكۈنلەشمىسەم بولاتتى. بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھاياتنىڭ ماڭا كۈلۈپ قارايدىغان چاغلىرىمۇ كېلەر. مەن مۇھەببەتتىن زەخمە يېدىم، ئۇنىڭ جاراھەتلىرى قەلبىمدە يىلتىز تارتتى. مۇشۇ كۈنلەردە دۇنيا كۆزۈمگە شۇنچىلىك سوغ كۆرۈنىدۇ. ئادەملەر يەنە شۇ ئادەملەرنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈنلا تۆرەلگەنمىدۇر؟ ئىنسانىي تۇيغۇلارنى ئۇلار نېمە ئۈچۈن چۈشەنمەيدىغاندۇر؟ مەن ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىم. بۈگۈن ئۇنىڭدىن ئەبەدىلىك ئايرىلدىم. ئۇ بۈگۈن توي قىلدى...

ھەممىنى چۈشەندىم، شۇڭا ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا چاناقلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياشقا ئانچىمۇ ھەيران بولماي، بېشىمنى تۆۋەن سالغىنىمچە ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ ئادەتتىكىدىن سەل بۇزۇلغان، ئازاب ئارىلاشقان ئاۋازى يەنە ئاڭلانماقتا ئىدى.

— بەلكىم ئۇ شۇ تاپتا تاتلىق ئىڭراشلاردا مەست بولىۋاتقاندۇر. ۋۇجۇدى ھاياتتىكى ئەڭ بەختلىك مىنۇتلارنىڭ ھۇزۇرىدىن لەززەتلىنىۋاتىدۇر. لېكىن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ھىجرانلىق ئازابىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ. نېمە دېگەن تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ؟ ...ئۇ يىگىتى بىلەن ئالىي دەرىجىلىك پىكاپتا ئاپئاق توي كېيىملىرىگە پۈركىنىپ،ئۇنچىدەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغىنىدا مەن نەدە ئىدىم، نەگە قاراپ يۈگۈردۇم. بىلەمسەن؟ قاۋاقخانىغا. ھەي ... يۈرىكىم دەرتتە كۆيۈپ كەتتى. ئەگەر ئۇلارنى تارتىۋاتقان سىنئالغۇغا مېنىڭ ھاراق ئىچىۋاتقان، ئۇلار ئۇزاپ كېتىۋاتقان يولغا مىسكىن ھالەتتە قاراپ قالغان ھالەتلىرىم قوشۇپ تارتىلغان بولسا، قانداق ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر نامايان بولار ئىدى. ھە؟ بەلكىم كىشىلەر ماڭا قاراپ كۈلۈشىدىغاندۇر، «چىدىماس، يىگىتلىك غۇرۇرى يوق ئىكەن،ئوغۇل بالا تۇرۇپ بىر قىزنىڭ دەردىدە سارالڭ بولۇپ يۈرىگىنىنى، قىز دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسىمىتى» دەيدىغاندۇر. لېكىن ئۇلار يۈرىكىمنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىشمايدۇ. نېمە، بېرىپ ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشىم كېرەكمۇ؟ ياق، ياق، ئۇلار نېمە دېسە دېسۇن. مەن پەقەت بۇ ئەلەملىرىمنى لازا سۈيىنى يۇتقاندەك ئىچىمگىلا يۇتىمەن، تولغىنىمەن. نېمە ئامال، قولۇمدىن شۇندىن باشقا نېمە كېلىدۇ. ئاجىزلار ھامان كۈچلۈكلەر ئالدىدا خار بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟! ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، ماۋۇنى ئىچىۋەتتىم- ھە...

سىرتتا چاقماق چېقىلىپ، ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلىدى. شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر دېرىزە ئەينەكلىرىگە چاراسلاپ ئۇرۇلاتتى. قەيەر ئىكەنلىكى ئاچچىق ھاراقتىن پەيدا بولغان خەپرۇكنى يەرگە تۇكۇرىۋەتتى.

— دوستۇم، ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشىگە ھەيران بولما. بەلكىم ئۇمۇ ئۆز بەختىدىن ئايرىلغان سانسىزلىغان ئىنسانلارغا قايغۇرۇۋاتقاندۇر، يۈرىكى تاش ئادەملەرگە نەپرەتلىنىۋاتقاندۇر. ھە، سۆزلەپ نەگە كەلگەنتىم، شۇنداق قىلىپ بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن توي، مەن ئۈچۈن بىر ماتەم بولدى. تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭ بىلەن تۆت يىل يۈرگەن، ئۇ قەلبىمگە مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كەتكەن. ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتارمەن؟...

— نېمىشقا ئايرىلىپ كەتتىڭلار؟

— نېمىشقا ئايرىلىپ كېتەتتۇق، ئاتا-ئانىسى بىزنى كەمبەغەل كۆردى. تويلۇققا زەنجىر، قوش ئۈزۈك ئالمىدىڭلار، دەپ بىر چىرايلىق باشلىنىۋاتقان تويىمىزنى

بۇزۇپ، قىزنى پۇلدار ئادەمگە ياتلىق قىلدى، پەقەت ئالتۇن زەنجىر، قوش ئۈزۈك بىلەنلا ئۇنىڭ بەختى ئەچىلارمۇ؟ بۇ بەخت ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك يار بولارمۇ؟ مەيلى قانداقلا بولسۇن ئۇ قىز خورلىنىپ قالمىسا بولاتتى. سەن يازغۇچى بولغاندىكىن ئادەملەر ھەققىدە كۆپرەك ئويلاپ باق. بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئادەملەر پەقەت پۇل ئارقىلىقلا بەختكە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ بەختنىڭ ئۆزلىرىگە مەڭگۈلۈك يار بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ. مانا قارىمامسەن. ئۇ مەندىن نېمىشقا يۈز ئۆرىدى؟ پۇل. پەقەت پۇلۇم بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ ئاتا-ئانىسى چالغان مۇقامغا دەسسەپ كەتتى. ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. سەن مېنى بۇنچە خاراپ ھالدا كۆرىمەن، دەپ ئويلىمىغان بولغىيدىڭ. شۇنداق، ئۇنىڭ بىلەن يۈرىۋاتقان چاغلىرىمدا ئۆزەمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم سانىغان ئىدىم. بۈگۈن ئۇنىڭدىنمۇ، بەختتىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم... ئەمدى مەن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلەرمەنمۇ؟!

— بەلكىم سەنمۇ توي قىلساڭ ئۇنتۇپ كېتەرسەن.

— ئەخمەق، بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكەتلىرى يۈرىكىمگە شۇنچىلىك ئورناپ كەتكەن تۇرسا، ئۇنى ئۇنتالارمەنمۇ؟! بۇنىڭ ئۈچۈن قايتا يارالسام يۈرىكىمنى ئالماشتۇرسام بولىدۇ. سەن يۈرەك دېگەننى چۈشىنەمسەن؟ ئاتا- ئانامۇ شۇنداق دېگەن. «توي قىلىۋال»دەپ لايىقمۇ تاپقان. بىراق «ئالەمدە مىڭ، كۆڭۈلدە بىر» ئەمەسمۇ دوستۇم. شۇ تاپتا ئاپام بىلەن دادامنىڭ كۆزى يولۇمغا قاراپ تېشىلەي دېگەندۇر... ئۇلارغىمۇ ئۇۋال. ماقۇل، ماۋۇنى ئىچىۋېتەي،- ئۇ بىراقلا كۆتۈرۈپ رومكىنى قۇرۇقدىدى. كۆز چاناقلىرىدا بولسا مەرۋايىتتەك ئىككى تامچە ياش قايتا يالتىرىدى.

قاتتىق يامغۇر بىر ئاز پەسلەپ سىمىلداپ يېغىشقا ئۆتكەنىدى. سىرتتىكى قاراڭغۇلۇق ئادەم تېنىنى شۈركەندۈرەتتى.

— مەن...مەن كېتىمەن!

— يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، يول پاتقاق، قونۇپ قالغىن!

— يامغۇر دېگەن ئاللانىڭ بەرىكىتى، يامغۇردا قالسام نېمە بولىدۇ، پاتقاق كەچسەم نېمە بولىدۇ. يۇيسا ھەممىسى چىقىپ كېتىدۇ. بىراق، يۈرىكىمگە ھاياتنىڭ پاتقاقلىرى قايتا تەگمىسۇن، ئۇنىڭغا تەگكەن داغ ئەبەدى چىقمايدۇ... سەن قېپقال، ئۆزەم كېتەلەيمەن...

ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يولغا چىقتىم. قەيسەر مۆدۈرۈپ كېتىپ پاتقاققا يىقىلدى، دەرھال بېرىپ يۆلىدىم ـ دە، ئۇنى قولتۇقلىغىنىمچە ئۆيى تەرەپكە يول ئالدۇق. يامغۇرنىڭ سوغۇقى تېنىمىزنى تىترەتتى، قەيسەر ئالا ـ تاغىل سۆزلەيتتى، گايىدا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ كېتەتتى. بىز قاراڭغۇلۇق قاپلىغان پاتقاقلىق يولدا قەدىمىمىزنى تولىمۇ ئەستە يۆتكەپ، ئالغا قاراپ كېتىۋاتاتتۇق...

## يولدىكى ئىلتىجا

ئاپئاق قار لەپىلدەپ چۈشمەكتە. سوغۇق شامال قەھرلىك تىغلىرىنى ھەر جانغا سانجىماقتا ئىدى. شاپائەتچى قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ زەررىچە نۇرىنى بولسىمۇ ئادەملەرنىڭ قورۇلغان تەنلىرىگە بەخش ئەتمەكچى بولۇپ تىرىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن قەھرىتان قىش چاڭگىلىدىكى زېمىن ئالدىدا يەنىلا ئاجىز كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات بازىرى بولغان بۇ كوچىدا، ئادەملەر ھۈركىگەن توشقانلار توپىدەك ھەر تەرەپكە گۇرۇلدەپ ئاقاتتى. تۇرمۇش ۋەسۋەسىسى ئۇلارنى ھەر كويلارغا سالغاچقا، خۇددى توپىلار ئارىسىدىن مىدىرلاپ چىققان قوڭغۇزدەك، ھايات ئۈچۈن تىپىرلاپ، بەختلىك تۇرمۇشنىڭ خوجايىنلىرى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇ خىل ئارزۇ، شۇ خىل ئۈمىد ئۇلارنىڭ

پۈتىنغا پىت بولۇپ چۈشكەندى. شۇڭا بۇ بازاردا جان - جەھلى بىلەن خىرىدار چىللاپ توۋلىغان ئاۋازلار، ھايات ئۈچۈن پالاقشىۋاتقان قەدەملەر تىۋىشى تىنجىمايتتى. بۇ سادا ۋە تىۋىشلارغا ھاياتتىكى ھەممە ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەر يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندى. قىستىلىشىپ كەتكەن يول ئوتتۇرىسىدا، تۇگىنىدىن جالاقلاپ تىترەپ كەتكەن قارىغۇ بىر تىلەمچى بوۋاي ئەلەم بىلەن نالە قىلاتتى.

— ئەي مۇسۇلمانلار، مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار. خۇدادىن ساۋاپ ئالىسىلەر، مېنى يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويساڭلار!

بوۋاينىڭ ياداڭغۇ يۈزىنى قاپلىغان چار ساقاللىرى تۇگىنىدىنمۇ ياكى ئەلەمدىنمۇ، ئەيتاۋۇر يېنىك تىترەيتتى. يۈرىكى ئۆزىنى قەدىرسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان تەقدىرگە نالە قىلىپ ئۈنسىز يىغلايتتى. ھاسا تاياق تۇتتۇۋالغان، سوغۇق زەربىسىدىن مۇزلاپ، كۆكىرىپ كەتكەن قوللىرى تىترەپ چايقىلاتتى. ئۇ يەنە نالە قىلدى:

— ئەي مۇسۇلمانلار، كۆزۈم قارىغۇ، مېنى يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتكۈزۈپ قويساڭلار...

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەڭگۈ ئىدى. كەلكۈندەك ھەر تەرەپكە ئۆتۈۋاتقان ئادەملەر توپى ئۇنى گاھىدا سوقۇۋېتەتتى، گايىلىرى ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كېتىپ، تېيىلغاق يولغا يىقىلاتتى - دە، تىل سالاتتى:

— ھەي دىۋانە ئەبگاھ، يولنىڭ چېتىگە ئۆتسەڭ بولمامدۇ، قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقىنىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ھەممە يەردە ئادەمگە كانىدەك چاپلىشىپلا يۈرىدىغان نېمىكەنسەن، قاچانمۇ قۇتۇلارمىز سەندىن!...

بوۋاي ئەلەم بىلەن كالپۇكىنى چىشلەيتتى. ھاسا تايىقىنى توكۇلدىتىپ بىر ئاز ماڭاتتى - دە، يەنە بىرسىگە سوقۇلۇپ كېتىپ دەشنەم يەپ توختاپ قالاتتى ھەم ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ ئىندا قالاتتى.

— ئەي خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى، ماڭا رەھىم قىلىڭلار. مېنى يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار...

ئۇنىڭ ئاشۇنداق ۋايساپ قاقشاپ تۇرغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولدى. شۇ تاپتا ئۇ شۇنچە كەڭرى ھاياتنىڭ ئۆزىگە شۇنچە تار كېلىۋاتقىنىغا غەزەبلىنىپ، كالپۇكلىرىدىن چىققان قاننى زەردە بىلەن يۇتتى.

ئادەملەر توپى ئارىسىدا ئۇ يەنە يىقىلدى. تۇمشۇقى ئۆزى بىلەن تەڭ يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى - دە، تۇكسىز باشلىرى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ تىترىگەن قوللىرى بىلەن تۇمشۇقىنى تېپىپ كىيىۋالدى. ئۇ ھاسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغىنىدا تاياق تېيىلىپ كېتىپ جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ قېتىمىيانچىشى خېلى قاتتىق ئاغرىغاچقا تۇرۇشقا ماجالى قالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ پىيادىلەر يولى بىلەن چوڭ يول ئوتتۇرىسىدىكى رىشاتكىغا يۆلىنىپ قالدى. دۇنيا، بۇ ئەما بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە قاپقاراڭغۇلا كۆرۈنەتتى. قۇلىقىغا گۈرۈلدەپ ئېقىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنچە كۆپ ئادەم ئىچىدىن بىرمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، يولنىڭئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويمىغىنىغا ئاچچىقلاندى. قەھرلىك ئاچچىق تومۇر - تومۇرلىرىغا ئاقتى، بەدەنلىرىنى ئۆرتىدى.

— ئەي خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى، سىلەرگەزادى نېمە بولدى؟ مېنى يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار، خۇش بولۇپ قالاي...

چىرايلىق ياسىنىۋالغان، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر جۈپ ئەر - ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ئۇنى ئۆتكۈزۈپ قويايلى. كۆزى قارىغۇ ئىكەن، - دېدى ئەر ئايالغا قاراپ.

— نېمە دەيدىغانسىز، - ئايال بوۋاينىڭ قاسماقلىشىپ كەتكەن چىبەرقۇت تونىغا قاراپ ئاغزىنى پۈرۈشتۈردى، - مۇشۇ يولدا خىجىل بولماي، ئاشۇ سېسىق دىۋانىنى يېتەكلەپ يۈرەمسىز؟ خەقنىڭ ھېداشلىقىنى قوزغايمەن دەپ يالغان قارىغۇ بولىۋالغان نېمىلەر ئۇ. ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان ئىشقا سىز نېمانچە قىلاتتىڭىز. يۈرۈڭ، ئولتۇرۇشقاۋاق قالدۇق! - ئايال بولدىشىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ ئېلىپ كەتتى.

بوۋاي بىر خىل ئۆكۈنۈش ئىچىدە قېقىلىپ - قېقىلىپ يۆتەلدى. ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان، شالاڭ ئاق تۈكلەر قاپلىغان مەيدىسى خوراز تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئەتراپىدىن شاۋقۇن - سۈرەن

بىلەن مىڭىلداپ ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ مۇزدەك قېتىپ قالغان چىرايىغا، تاشتەك ئۇيۇپ كەتكەن يۈركىگە ئاللادىن ئۇتلۇق مېھر - شەپقەتلەر تىلىدى ھەم تەقدىرنىڭبايلىق ئاتا قىلىشىنى كۆزدىن ئايرىپ تاشلىمىغىنىغا مىڭ، مىڭ ئەپسۇسلاندى، ھەي، نەس باسقان تەقدىر...

يولدىكى كۆك مۇزنىڭ سوغۇق ئىقىمى بوۋاينىڭ بەدەن - بەدەن، تومۇر - تومۇرلىرىغا تارقاۋاتاتتى. ئىڭەك ۋە كالپۇك گۆشلىرى بارغانىېرى قېتىشىشقا باشلىغاچقا، ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپمۇ ھېچ قولاشمايتتى.

— ئەي خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى، سىلەرگە نېمە بولدى، پۇتۇڭلار باسماس، قولۇڭلار تۇتماس بولدىمۇ؟ مېنى يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ قويساڭلار، سوغۇقتىن ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن. ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، رەھىم قىلىڭلار!...

شۇ ئارىدا بىر توكۇر تىلەمچى ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئەمەتكا، يۈرۈڭ. مەن ئۆتكۈزۈپ قوياي.

— سىز كىم... نېمە ئىش قىلىسىز؟... - خۇشلىقىدىن بوۋاينىڭ تېنىگە قايتا جان كىرگەندەك بولدى.

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا، تۇرمۇش قىسىنچىلىقىدىن تىلەمچىلىك قىلىمەن. سىزنى تونۇيمەن... دائىم بىر كىچىك بالا قولىڭىزدىن يېتىلەپ يۈرەتتى، سىلەر ئاۋۇ دوخمۇشتا ئولتۇراتتىڭلار...

— بۈگۈن ئۇ كېلەلمىدى، - بوۋاينىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بايىقى خۇشلىقى تارقاپ كەتتى. لېكىن ۋۇجۇدىنى ئۆزىگە يارىشا يېڭى تۇيغۇ قاپلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيتتى. بوۋاي كۆڭلىدە يېنىدىن ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرگە ئىنساپ تىلىدى.

توكۇر ئايال جانسىز قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بېلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، توپ ئىچىنى يېرىپ كېتىۋاتاتتى. بوۋاي ھاسا تايىقى بىلەن ئالدى تەرىپىدىكى يولنى توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ ماڭاتتى.

— مېنى ئاشخانىلارنىڭ گۈلخانىسىغا ئاپارسىڭىز، بىردەم ئىسسىنىۋالسام، بەك مۇزلاپ كەتتىم. - دېدى بوۋاي يېنىدىكى ئايالغا ئۈزۈك - ئۈزۈك ئاۋازدا.

— ئۇلار ئىسسىنغىلى قويمايدۇ، خېرىدارلارنى قاچۇرىسىلەر دەپ بىزنى يېقىن يولاتمايدۇ...

بوۋاي ئېغىر خۇرسىندى، ئۇنىڭ ئادەملەرنى كۆرۈش ئارزۇسى ھەسىلەپ ئاشماقتا ئىدى. بىراق كۆز ئالدى قاپقاراڭغا بولۇپ، ھەر تەرەپكە يامراۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۇنلۇك سادالىرى قۇلىقىغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

مەسئۇل مۇھەررىر: شاكىرجان ئېلاجى



# ماڭا پەقەت بۇگۈنلا يېقىن

**ئۆمەر مۇھەممەت**

### ئوخشىمىسىكىن

سۇبھى دەمدە ئۆكسۈشىمىكىن،
شاماللاردەك تىترەڭگۈ ئاھالڭ!؟
سۆيەلمىدىم تۇمان قېتىدىن،
سېنى چۈشەپ قالدىم ئېھتىمال.

سېغىنىشقا ئوت قويغان چۈشۈم،
ئوخشامدىكەن ئەسلى شەكلىگە.
قاناپ كەتكەن سەھەر چولپىنى،
ئۈپۈقتىكى قىرائەتخانىنىڭ
چېچەكلىگەن رەڭدار جىلۋىسى.
تۈنۈگۈنمۇ، بۈگۈنمۇ دەيمەن،
مەن شىپاڭدا كاۋاپ يېگىنىم.
قەدەھتىكى شاتپاندەك غىل - پال،
پورەك - پورەك نومۇس جىلۋىسى،
كۆزلىرىڭدىن شولىلار تارتقان.
بۇ شۇ كۈننىڭ داۋامىمىكىن،
ماڭا يىراق ھەممە - ھەممىسى،
تۇرار پەقەت بۈگۈنلا يېقىن.

كەلگىن، كەلگىن، ئوخشامدىكىنە
تۈنۈگۈنكى يىغىمىز بىزنىڭ...

### يانۋار قىرى

يالاڭئاچلىنىپ مۇنچىسىدا ئۈپۈقنىڭ،
ئېرىپ كەتتى
خىيالىمدەك ئۇزۇن بىر كېچە.
كالتە كۈندۈز ئاققان بۇ كوچا،
تۈتىشىدۇ قۇشلار بار جايغا.
ئەلڭ ئاخىرقى خازاندەك قۇياش،
تۆكۈلىدۇ پىقىراپ ئاستا.
ھەر ئاخشىمى مەست بوپ شۇ جايدا...

مەۋھۇم - مەۋھۇم يانتۇ ھەرىپتەك،
قىيپاش چۈشەر يانۋار نۇرى.
رېستورانلار ئۇخلايدۇ بىغەم،
ئاجراپ ھەتتا خىيال سەزگۈدىن
قەدەھلەردە غەرق يېشىل روھ...

بۇرۇن - بۇرۇندا
ئەتلەس ئۆينەك كەيگەن بىر قىزچاق،
تەبىر سوراپ كېلىپ مەسچىتكە
ئاق پەرىشتە بولۇپ قالغانمىش.
تونۇماپتىمەن تىۋىشلىرىڭنى،
تونۇماپتىمەن كەلگىنىڭنى ھەم.
دېرىزىنىڭ سىرتىدا قاراپ،
تۇرغىنىڭنى سەھەردەك چاقناپ!

### يىراق

سۈكۈت - سۈكۈت كېتەر ھاپاشلاپ،
خىيالىمنى ئۆتمۈشلەر ئىچرە.
كېچە يۇتكەن گۇڭگا چۈشتىمان،
قۇچاقلاشلار، سايىلەر خىرە.

لەۋلىرىڭنى ئالالماي ئەسكە،
شۇ شېرىن مەي لەززىتىدە مەست.
سەن تۇپەيلى خىياللار ياغار،
ئاھ! باسارمۇ ئۆمرۈم بويى نەس.

ئۇنتۇشقىمۇ بولمىدى زورلاپ،
ۋىسالىڭدىن يىراقمەن يىراق.
پەقەت ماڭا قىلدىڭ تەۋەرۈك
خىيال، لېكىن رىياللىق - يىراق.

## بەلكىم

بەلكىم، تەنها كەپىدىكى چال
ئۆز ـ ئۆزىگە قويىدۇ سوئال،
ـــ نېمە ئىشلار كۆرمىگەن بىز، دەپ.

بەلكىم،
چۇشلىرىدە قۇچاقلاپ باھار،
ئويغىنىپلا تۆكىدۇ خازان.
ئۆتمۇشىنى ئەسلىتىپ قويار،
شەنبەملەرنى يالتىرىتىپ تاڭ.
بەلكىم، ۋەيران، مىسكىن كەپىسى،
زاۋاللىقتىن بېرەر بىشارەت
بەلكىم،
ئۇندا مەۋجۇد چەكسىز ھاياتلىق،
ھېسلار قاتقان تاراچ يۈزىدەك...

## چىرايلىق تىغدىر

### ئەكبەر ئىمام

### ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى

ئانامنىڭ تۇغۇلغان شۇ قۇتلۇق كۈنى،
جەننەتنى ئالقىنىدا كۆتەرگىنىچە،
ئەرشنىڭ قەسرىدىن چۈشىدۇ تەگرىم.
يەر شارى ئوقىدا توختاپ بىر دەقىق،
غەرپتىن كۆتۈرۈلەر قۇياش بىر قېتىم.

ئانامنىڭ تۇغۇلغان شۇ قۇتلۇق كۈنى،
كۆككىا نۇر ئاستىدا ئويغانغان بازار،
ئالتۇننىڭ ئۈستىدە قۇرۇدۇ بەزمە.
ئۇنىئالغۇ ئىچىگە مۆكۈنگەن خىزىر،
ئوقۇبدۇ چۆچەكتەك چىرايلىق نەزمە.

ئانامنىڭ تۇغۇلغان شۇ قۇتلۇق كۈنى،
سۈكۈت مۆكۈنگەن كونا مازاردىن،
قولىدا قوش قەدەھ كۆتەرگىنىچە،
زېمىننى مېترلاپ كېلىدۇ ھەييام
بۇلبۇللار كۈيىچۈن بېرىپ شېئىرنى
كېلىدۇ ھەتتاكى ناۋايى بوۋام.
سۇلايمان كەلسەگەر ئۇچۇرۇپ قۇشلار،
ھاۋانى يېتىلەپ كېلىدۇ ئادەم.
ئانامغا بەندىلىك ئۇنۇۋانى ئېلىپ،
چۈشىدۇ ئەرشتىن قۇدرەتلىك تەگرىم.

ئانامنىڭ تۇغۇلغان شۇ قۇتلۇق كۈنى،
دەل شۇ كۈن پەرزەنتلىك بولىدۇ ئالەم.

### ئۆزەمگە بېغىشلاپ

تونىمايدۇ ئادەملەر مېنى،
تونىمايدۇ ھەتتاكى دۇنيا.
تونىمىغاندەك دىنىسىز تەگرىنى.

مەن ئۆزەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى
يۇتۇرگەچكە ئادەملىكىمنى،
يېزىپ قويدۇم قۇياش چېھرىگە
مەن ئۆزەمنى ئىزلەش ئېلانى.

ئەلچىسىمەن قايسى دۇنيانىڭ،
بۇ دۇنياغا كەلدىم نېمىشقا؟!
سۆيۈپ پەقەت ئۆزۈمنى ئۆزۈم،
سۆيۈلمەيمەن زادى نېمىشقا؟!

قولۇمدىكى قۇرۇق قەدەھكە،
چۈشۈۋاپتۇ قارلىق كۆتەرگەن
چىغىر يولدەك ئۇزۇن كېچىلەر.
تۇغۇلالماي قالدى يۈرەكتە،
سانسىز ـ سانسىز ئوماق چېچەكلەر.

مەن ئۆزەمنى چۈشەپ قاپتىمەن،
گۈللەر كۈلۈپ ئويغانغان سەھەر،
شوخ لىرىكا چەكسىزلىكىدە،
مەن چىرايلىق سۈزۈلگەن شەھەر...

### چىرايلىق تىغدىر

گۈل دەستىسى كۆتەرگەن خىيال،
سۆيۈۋالدى مىنى تۇيدۇرماي،
مەن چۈشۈمدە سۆيگەندە سىنى،

دۇنيا،
ئالايىمغان مەن ساڭا پەقەت،
يۇمۇۋالدىڭ نىچۈن كۆزۈڭنى؟!

ئەي، چىرايلىق قەدىمى سۆيگۈ،
بىرەلمەمسەن لىۋىڭدىن شاراپ؟!
ئىچىۋىتەي ئۆتمۈشۈم بىلەن
جۇدالىقتا يۇرگەن ئۆزۈمنى.

جىن چىراقتا كۆيگەن پەرۋانە
كىرىپ قاپتۇ كىچە چۈشۈمگە،
يۇرۇكمگە ئۇرۇپ ئۆزىنى،
تۇرغىدەكمىش بىر ياندا ئىلاھ
يۇمۇۋىلىپ نۇرلۇق كۆزىنى.

ھەر كىچە،
موخۇركىدا كۆيگەن ھوجىردا
مەن ئۆزەمنى كەلدىم بوغۇزلاپ،
چىرايلىق ناخشىلاردا روھىمنى باغلاپ!

## شارابىڭنى ئۆكسۈتمە دىلبەر

ئەكپەر ياسىن

مەن مەي ئىچىپ باقمىغان زىنھار،
گۇناھ دەيتتىم مەي ئىچمەكنى ھەم.
پاك سۆيگۈمىز تاپقاندا ۋىسال،
مەي ئىچىشكە تاشلاندى قەدەم.

مەي ئىچىشكە تاشلاندى قەدەم،
مەي خۇمارى ئۇتتى دىلىمنى.
مەيگە پەۋەس تولدۇرۇپ بۇدەم،
جام قىپ تۇتۇڭ ياقۇت لىۋىڭنى.

جام قىپ تۇتۇڭ ياقۇت لىۋىڭنى،
ھىسلىرىمدا مەي ـ شاراپ كەيپى.
شارابىڭنى ئۆكسۈتمە دىلبەر،
ئۆمۈر بويى مەست ئۆتەي، مەيلى...

## دوستۇمنىڭ شەرتى

(ساتىرا)

ئابدۇكېرىم ئەمەت

دوست بولۇرمىش نەر تۇكۈپ مەن، يانسا ئۇ،ماقۇل، دىسەم،
تەتلىرىمدىن تامچىلاپ قان ئاقسىمۇ ماقۇل، دىسەم،
ئات قىلىپ ھەر كۈندە مىنىڭ چاپتۇرسىمۇ ماقۇل، دىسەم،
تۇمشۇغۇمدىن يىتىلەپ ھەم تارتسىمۇ ماقۇل، دىسەم،
بۇ ئەلەملەر جانغا مىقتەك پاتسىمۇ ماقۇل، دىسەم.

باغ بىنا قىلسام راسا، ئۇ كەلگ كۈشادا يايرىسا،
ئالما ھەم ئەنجۈر، ئۈزۈم، شاپتۇل ...پىشىپ مەي باغلىسا،
يىسە ئۇ تاللاپ ئۈزۈپ، ئۆزگە ئاڭا قول سالمىسا،
خەجنى مەن قىلسام، كىلىپ ئۇ كۆڭلىكى ياغ چاينىسا،
ھەم بېشىمدا ئۈچكە قويۇپ چاقسىمۇ ماقۇل، دېسەم.

مەن مۇسىبەت - قايغۇدا قالغاندا ئۇ يۈرسە كۈلۈپ،
يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق ھۇجرىدا دەرۋان سۈرۈپ،
«يوق» دىسە ئۇ، سورىسام بىر پۇلغامەن مۇھتاج بولۇپ،
مەن لىكىن بەرسەم ئاڭا تاپقاننى ئوتتۇردىن بۆلۈپ،
كۆندە تولماس خالتىسىنى ئاچسىمۇ ماقۇل، دىسەم.

ئۆز يېغىمدا ئۆز گۆشۈم قورۇپ ماڭا چايناتسىمۇ،
داش ئېسىپ بېشىمغا ھەم تەپتىم بىلەن قايناتسىمۇ،
ئوتقا چۈشكەن قىل سىياق ھەر يان مېنى تولغاتسىمۇ،
كۈندە مىڭ مىكىر بىلەن مايمۇن قىلىپ ئويناتسىمۇ،
خالىغاندا چالما قىلىپ ئاتسىمۇ ماقۇل، دېسەم.

موللىلىقتىن ئاچسا گەپنى قارى - ئىشانلار خىجىل،
باتۇرلۇقتىن ئاتسالاپنى شاھى مەردانلار خىجىل،
مەرتلىكىدىن ھەم ئىمىش ھاتەمۇ - سۇلتانلار خىجىل،
ھەم ئەقىلدە بايلىقىدىن چەشمە - قونتانلار خىجىل،
دوست ئىمىش ئۇ كۈندە پاختا ئاتسىمۇ ماقۇل، دېسەم.

بار دېسە دوزاقتا پايدا يانمايدۇ سەكرەشتىن تېخى،
گۈلنى بەد بۇي دەپ يەنە ئەمەننى ماختاشتىن تېخى،
قوينى يىرتقۇچ دەپ ھامان يىرتقۇچنى ئاقلاشتىن تېخى،
ئۇشبۇ «ئەجرى»گە راسا قوساقنى توقلاشتىن تېخى،
دوست ئىمىش ئۇ ئەپتىنى مىڭ ياپسىمۇ ماقۇل، دېسەم.

دوست بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى بىلىمەن ئوبدان ئۆزۈم،
ھەم ئۆزەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگۈلەيمەن ئۆزۈم،
مەن ئەمەس ئەما، نىشانەمنى كۆرەلەيمەن ئۆزۈم،
بەلكى تۇرمۇشتا يولۇمنى بەلگۈلەيمەن ئۆزۈم،
ئەر ئەمەسمەن ئۆتنى گۈل دەپ تاقسىمۇ ماقۇل، دىسەم.

**بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابلىز ھوشۇر، ئەيبۇ ياقۇپ**

باللار كۆشىكى

# بويناق

(ھېكايە)

نىجات ئەخمەت

قەدىرلىك ساقاتايلىرىم، مەن سىلەرگە سىلەرچىلىك ۋاقتىمدا بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بېرەي.

ئەمدىلا ئىككىنچى سىنىپقا چىققان ۋاقتىم ئىدى، بىر كۈنى كەچتە تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ ئولتۇراتتىم. دادام ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە ئانچە چوڭ بولمىغان بىر قەغەز ساندۇقنى تېڭىپ قورۇغا كىرىپ كەلدى. دادام قەغەز ساندۇقنى ئېلىپ، ماڭا كۈلۈپ قارىۋېدى، مەن:

— دادا، ماڭا نېمە ئەكەلدىڭ؟ — دەپ ئالدىغا يۈگۈردۈم.

— توختا! — دېدى دادام قەغەز ساندۇقنى مەندىن قاچۇرۇپ، — سەم ئاۋۋال ئۆي ھايۋانلىرىدىن قايسىلىرىنى بىلىسەن، دەپ باقە؟

— ئىت... مۈشۈك، ھە ...ئات، كالا ...يەنە... توخۇ...

— سەن ئىتنى ياخشى كۆرەمسەن - مۈشۈكنىمۇ؟ - يەنە سورىدى دادام.

مەن بىر ئاز ئويلىنىپ قالدىم، قايسىسىنى دېسەم بولار؟ ...ئاخىرى ساندۇقتىكى نەرسىنى تېزراق كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ:

— ئىتنى! - دەۋەتتىم.

— ھەي شەيتان، سەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى ئەكەپتىمەندە! - دېگىنىمچە قەغەز ساندۇقتىن بىر كۈچۈكنى چىقاردى. مەن ئەسلى ساندۇق ئىچىدە ئويۇنچۇق بار چېغى، دەپ ئويلاپتىمەن ئەمەسمۇ. قارىسام، راست كۈچۈك ئىكەن. شۇڭا بىر ئاز قورقۇپ ئالغىلى ئۇنىمىدىم. دادام:

— ئالمامسەن ئاپىرىپ بېرىۋېتەي! - دېدى - دە، كۈچۈكنى قەغەز ساندۇققا سالدى.

— ياق، ياق جېنىم دادا، ئاپىرىپ بەرمە، مەن قورقمايمەن، كۈچۈكنى ياخشى كۆرىمەن.... - دېگىنىمچە كۈچۈكنى ئېلىۋالدىم.

......

ئاپام دادامغا ئاچچىقلاپ:

— نېمىگىمۇ ئەكەلگەنسىز بۇ پاسكىنىنى. بالىنىڭ قولى ئەندى پاكىز بولۇپ ئۆتمەيدۇ، - دېدى.

دادام كۈلۈپلا قويۇپ ئوشۇق گەپ قىلمىدى.

كۈچۈك ناھايىتى كىچىك بولۇپ، مېنىڭ بىر غېرىچىمغىمۇ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئەندىلا ئېچىلغان كۆزلىرى تۈكلۈك يۈزىدە پارقىراپ تۇراتتى.

تۈكلىرى قاپ - قارا بولۇپ، بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بويىندىكى ئالىبۇلىماچچۇ تېخى! ئۇ نېمىدۇ بىر نېمىنى ئىزدىگەندەك ئەتراپنى پۇراپ «غىڭ - غىڭ» قىلىپ يېقىملىق ئاۋاز چىقىراتتى. مەن كۈچۈكنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم. شۇكۈنى ئۇنىڭغا كىچىك ۋاقتىمدا سۈت ئىچكەن ئىمزەكلىك بوتۇلكىغا سۈت قۇيۇپ ئىچكۈزدۈم. ئۇ قورسىقى تويغاندىن كېيىن، كىچىككىنە قۇيرۇقىنى پىلدىڭلىتىپ كەتتى. دادامنىڭ دېيىشىچە بۇ كۈچۈكنى بىر ئاغىنىسى ماڭا سوۋغا قىلىپ بېرىپتۇ.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ بالىلىق تۇرمۇشۇمغا يېڭى بىر مەنا قېتىلدى. مەن دادامنىڭ دېگىنى بويىچە كۈچۈككە كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق بېرىپ تۇردۇم. ئۇ تاماقنى كىچىككىنە ئېغىزلىرىنى تىقىپ قىزىل، ئۇزۇن تىللىرىنى چىقىرىپ، شالاپشىتىپ ئىچەتتى. سۆڭەكلەرنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ ئالدىرماي غاجايتتى. كۈچۈك ساغلام بولۇپ، ماڭسا سېمىزغىنە بەدىنى لىغىرلايتتى.

بىر كۈنى دادام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭغا بىر ئىسىم قويماقچى بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن دادام:

— قېنى، قانداق ئىسىم قويساق بولار، ئۆزەڭ ئېيتىپ باققىنە؟ - دېدى.

مەن مەھەللىدە بالىلاردىن ئاڭلىغان ئىتلارنىڭ ئاتلىرىنى دېيىشكە باشلىدىم.

— شارىك...

دادام بېشىنى چايقىدى.

— ماركا!

— ...

— ئالەك...!

— ...

— بۆرە.... تۆت كۆز! ...

دادام يەنىلا بېشىنى چايقاپ تۇرىۋەردى.

— ئۆزەڭگە ماس كەلگىدەك بىر ئىسىم قويمامسەن؟ - دېدى ئاخىرى ئاپاممۇ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ.

توغرا، نېمىشكە بۇرۇنراق بۇنى ئويلىمىدىم. كۈچۈكۈم قاپقارا بولغاندىكىن:

— تاپتىم!. دېدىم مەن كاللامغا كەلگەن بۇ ئىسىمدىن خوشال بولۇپ. قارىۋاي قويايلى. قارىۋاي!

ئاپام بىلەن دادام ماڭا قاراشقىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ۋاي جېنىم بالامەي !. دېدى دادام ئاخىرى كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران تۇختىتىپ. - بۇ ئىسمىغۇ يامان ئەمەس ...بىراق، سەل قوپالراق ئاڭلىنىدىكەن. قارىغىنە كۈچۈكۈڭنىڭ بويىنى قانداق؟!

— بويىنى ئاق...

شۇنداق دېدىمۇ بىردىنلا خوشال بولۇپ ۋارقىراۋەتتىم.

— بويناق! بويناق!

— ۋاي ئەقىللىق بالامەي، - دېدى ئاپامۇ ئاخىرى خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي. - دادىڭ بىلەن ئىككىمىزمۇ «بويناق» دېگەن ئىسىمنى تاللاپ قويغان ئىدۇق. ئۆزەڭ تېپىۋالدىڭ...

شۇنداق قىلىپ بۇ كىچىك جانىۋارنىڭ ئېتى «بويناق» بولدى. بويناقنىڭ بويلىرى ئۆسۈپ قوزىچاقلاردەك بولۇپ قالغان ئىدى. ياقالچەكلىرى چىڭ ھەم مەزمۇت ئىدى. ئۇ ئىسمىنىمۇ بىلىۋالغان بولۇپ «بويناق!» دەپ چاقىرسام قەيەردە بولمىسۇن يۈگۈرۈپ كېلەتتى. «بويناق قولۇڭنى بەر!» دېسەم ئالدى ئىككى پۇتىنى بېرەتتى. «مەن بىلەن كۆرۈش!» دېسەم ئالدى ئوڭ پۇتىنى بېرىپ كۆرۈشەتتى. «ئىككى پۇتلاپ ماڭ» دېسەم ئىككى پۇتلاپ مېڭىپ كېتەتتى. ئىشقىلىپ نېمە قىل دېسەم، شۇنى قىلاتتى. ئۇ سېرىكچىلەرنىڭ ئىتلىرىدەك ئەقىللىق، قاۋۇل ھەم چەبدەس ئىدى. بويناقنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇ بەك «ھايالىق» ئىدى، ئۇنىڭ نەلەردە چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىدىغىنىنى بىلمەيتتۇق. ئۇنىڭ بۇ ھايالىقى ئاپامنىڭمۇ ئامراقلىقىنى كەلتۈردى.

بويناق ئەتىگەندىن كەچكىچە مەن بىلەن بىللە ئىدى. مەكتەپكىمۇ مەن بىلەن بىللە باراتتى. بويناقنى كۆرۈپ ساۋاداشلىرىم ماڭا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇلار بويناققا ھەر خىل يېمەكلەرنى بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ «قانداق قىلاي؟» دەپ سورىغاندەك ماڭا قارايتتى. مەن

پەقەت «ئال!» دېگەندىن كېيىنلا ئېلىپ يەيتتى. مەن مەكتەپتىن قايتقىچە مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. چۈنكى دەرسخانىغا ئىتلارنى كىرگۈزمەيدۇ- دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ماتېماتىكا مۇئەللىممىز ئىتتىن قەۋەتلا قورقاتتى. مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىم بىلەن بويناقنى ئېلىپ مەھەللىمىزدىكى ئۆستەڭدە چۆمۈلەتتۇق. بويناق سۇدا ناھايىتى ياخشى ئۈزەتتى. مەن قەستەن بىر نەرسىلىرىمنى ئېقىتىۋەتسەم ئۇ ئۈزۈپ بېرىپ سۈزۈپ كېلەتتى. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بەك سوغۇق ئىدى، ئەمما سۇنىڭ سوغۇقلۇقى بويناققا تەسىر قىلمايتتى.

بىز سۇدىن چىققاندىن كېيىن ئورمانلىققا بېرىپ مۆكۈشمەك ئوينايتتۇق. ئورمانلىق مەھەللىمىزدىن ئانچىمۇ يىراقتا ئەمەس ئىدى. بىز مۆكەتتۇق، بويناق تاپاتتى. دىم ئېلىش چاغلىرىمىز ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. ھەتتا ئۇ كەچتە، مەن ئۇخلىغاندا، ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئايىغىمغا بېشىنى قويۇپ يېتىۋالاتتى. بەلكىم ئۇ پۇتۇمنى چاشقانلار غاجىلاپ قويمىسۇن دەپ ئەنسىرەيتتىمكىن تاڭ. لېكىن بەرىبىر ئۇنى ئاپام ئۆيدىن چىقىرىۋېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىردەم غىڭشىپ قوياتتى- دە، مەن ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا تاڭ ئاتقىچە كۆزەت قىلىپ ياتاتتى.

بىزنىڭ سىنىپتا مۆيدىن ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ بەك سوقۇشقاق بولغاچقا باللار ئۇنىڭ بىلەن ئوينىمايتتى. مۆيدىننىڭ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر قوتۇر ئىتى بار بولۇپ، مۆيدىنگە ئوخشاشلا سوقۇشقاق ئىدى. تېخى ئۇ بۇ ئىتنى «تايغان»دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ ئىتى نەدىمۇ تايغان بولسۇن، ئۇ خۇددى ئىت شەكىللىك بىر سۆڭەككە غەلىتىلا بىر مەخلۇقنىڭ تېرىسىنى ئارتىپ قويغاندەك كۆرۈمسىز ھەم قورقۇنۇچلۇق ئىدى. مۆيدىن نەچچە قېتىم مېنى زاڭلىق قىلىپ:

— ئەشۇنىمۇ ئىت دەپ بېقىپ يۈرەمسەن؟ - دېدى.

— ھە، كۆزۈڭنىڭ يېغىنى يەۋاتامدۇ؟ - دېدىم ئاخىرى بىر كۈنى ئاچچىقىم كېلىپ.

— پاھ، مانىڭ گەپلىرىنى ... قېنى ئۇنداق بولسا تالاشتۇرامسەن؟ ئىتىڭ مېنىڭ تايغىنىمنى كۆرسە بارغۇ، ئون كۈنلۈك يەرگە قاچىدۇ. بويناقمىش تېخى.... - دېدى ئۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا ئىچى تارلىق بىلەن مەسخىرە قىلىپ.

ئۇ مېنى قانچىلىك تېرىكتۈرۈپ ئىتنى تالاشتۇرىمەن دېگىنى بىلەنمۇ مەن ئۇنىمىدىم. چۈنكى بىرىنچىدىن، مەن دېگەن ئىلغار ئوقۇغۇچى، ئىت تالاشتۇرۇش مېنىڭ كەسپىم ئەمەس. كىشىلەر كۆرسىمۇ، ئاڭلىسىمۇ سەت. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ تايغىنى چوڭ، بويناق بولسا ئەندى بىر ياشتىن ئاشتى، تېخىچە بىرەر ئىت بىلەن تالىشىپ باققىنى يوق.

بىر كۈنى ساۋاقداشلىرىم بىلەن بويناقنى ئېلىپ ئورمانغا بېرىپ قىزىق ئويۇنلارنى ئوينىدۇق. ئارىمىزدا مۆيدىنمۇ بار ئىدى. ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ قاچانلاردا كېتىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قاپتۇق. پەقەت بىر چاغدا يات بىر ئىتنىڭ قاۋىغان ئۈنى ئاڭلانغاندىلا چۆچۈپ ئەتراپىمىزغا قاراشتۇق. ئالدىمىزدىلا مۆيدىننىڭ دادىسى تايغاننى زەنجىردىن تۇتۇپ تۇراتتى.

— مۆيدىننىڭ دادىسى...

— يەنە ئىچىۋاپتۇ - دە....

— ھە، ئۇ ئىچىۋالسىلا ئىتنى يېتەكلەپ كوچىمۇ - كوچا يۈرىدىغان ئادەم.

ساۋاقداشلىرىمنىڭ قورقۇشۇپ پىچىرلاشقان سۆزلىرى ئاڭلاندى. مۆيدىننىڭ دادىسى ئىتنىڭ زەنجىرىنى پېشىشكە باشلىدى.

— جېنىم ئاكا، ئۇنداق قىلماڭ!- دەپ ۋارقىراۋەتتىم.

— ھەي بالا، ئوغۇل بالىمۇ سەن، نېمە؟! ھو ئۆلۈك...

ئىت دېگەننى تالاشتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىدىغانغا باقمىسا نېمە قىلىدۇ ئۇنى ... ئالە-تايغىنىم ھۇشت!...

تايغان بىز تەرەپكە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. قورقىنىمدىن چىرقىراۋەتتىم.

بويناق ئالدىمدا تايغاندىن كۆزىنى ئۈزمەي ئىككى پۇتىنى سۆڭەك غاجىلىغاندەك ئالدىغا ئېلىپ ئارقا

ئىككى پۇتىنى خۇددى يۈگۈرۈش ئالدىدا تۇرغان تەنھەرىكەتچىلەردەك يەرگە تىرەپ تۇراتتى.

مېنىڭ قورقۇپ چىرقىراۋېتىشىم بىلەن تەڭلا، ئۇ يەردىن خۇددى پۇرژۇندەك قاڭقىپ چىقىپ گەۋدىسى بىلەن تايغاننى ئۇرۇۋەتتى. كۈتۈلمىگەن بۇ ھۇجۇمدىن ئۈگدىسىغا چۈشكەن تايغان ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە، بويناق ئۇنىڭ كارىكىنى ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن قاماپلا ئالدى - دە، يەرگە نىقتاپ بىر قانچە قېتىم ئۇياق - بۇياققا سىلكىۋەتتى. تايغان جىمىپلا قالدى.

ھالىڭ - تالىڭ بولۇپ قالغان مۆيدىنىنىڭ دادىسى قولىدىكى زەنجىر بىلەن بويناققا ئېتىلدى. بوياق تايغاننى قويىۋېتىپ ئۇنىڭغا قاراپ غەرەپ بىلەن چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، تۈكلىرىنى تەتۈر ئۆرۈۋېدى، ئۇ ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە تايغانمۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ ئالدى - دە، قۇيرۇقىنى چېتىغا قىسقىنىچە قاڭشىپ تىكىۋەتتى.

بىزنىمۇ ھالىڭ - تالىڭ قالدۇرۇپ، بويناق غەلىبە قىلدى. ساۋاقداشلىرىم تەنتەنە قىلىشىپ ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىشتى - دە، ئۆستەڭ بويىغا ئاپىرىشتى. بىز ئۇنى يۇيدۇق. ئۇ قىپ - قىزىل تىللىرىنى بىر غېرىچ چىقىرىپ بىزگە ھەر خىل قىزىقچىلىقلارنى قىلىپ بەردى. بىز بەكمۇ خۇشال بولدۇق.

شۇ قېتىملىق ئىش بويناقنىڭ ھەم ئەقىللىق ھەم ماھىر تالاشچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى.

قىش كەلدى. موللاق ئېتىپ ئوينىغان يېشىل چىمەنلەر قار ئاستىدا قالدى. مۆكۈشمەك ئوينىغان ئورمانلار ئاق قاردىن بېزەك تاقىدى. سۇ ئۈزۈپ ئوينىغان ئۆستەڭلەرنى ئاللا قاچان مۇز قاپلاپ كەتتى. ئەندى بويناق بىلەن ئوينايدىغان ئويۇنلار قالمىغاندەك ئىدى. چۈنكى بويناق كاڭكى تېيىلالمايدۇ - دە.

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان بىر كۈنى مەھەللىدىكى باللار بىلەن بويناقنى چانىغا قېتىپ ئوينىدۇق. ئۇ بىرىمىزنى چانىدا چاتاق يوق سۆرەپ ماڭاتتى. چانىدا ئولتۇرغاندا بىز «يېڭى قار ناخشىسى»نى ئېيتىشتۇق:

قارلار ياغدى لەپ - لەپ،
توشقان كەلدى سەكرەپ،
تۇتۇۋالدىم ئەپلەپ،
قازانغا سالدىم كەپلەپ...لاي...لاي...لاي...

بويناقمۇ ناخشىدىن ھۇزۇرلانغاندەك قاۋاپ قوياتتى. بىزنىڭ بۇ قىزىقچىلىقلىرىمىزغا مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى خۇش بولۇپ كۈلۈشتى. بىز شۇ كۈنكى ئويۇننىڭ بويناق بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئويۇن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچ قايسىمىزمۇ ئويلىمىغان ئىدۇق.

شۇ كۈنى كەچ مەن بويناق بىلەن رەسىملىك ژۇرنال كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. دادام بىر نېمە يېزىۋاتاتتى. ئاپام مېنىڭ نەملىشىپ كەتكەن پايپاق، ئاياغلىرىمنى ئوچاق ئۈستىگە يېيىپ قۇرۇتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز دەرۋازىمىزنىڭ ئەنسىز، قاتتىق ئۇرۇلۇشى بىزنى چۆچۈتىۋەتتى. دادام:

— بۇنچىۋالا كەچتە دەرۋازىنى ئۇرغان كىمدۇ؟ - دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە چىقىپ كەتتى. سىرتتىن قالايمىقان تىۋۇلىغان ئاۋازلار، ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئىتلىرىنىڭ تۈك - تۈكىنى يەپ قاۋاشلىرى، ئوق ئاۋازلىرى جىمجىت قىش كېچىسىگە ۋەھىمىلىك تۈس بەرگەن ئىدى. مەن دەرھال بويناقنى باشلاپ قوروغا چىقتىم. دادام دەرۋازا تۈۋىدە كىمدۇر بىرلىرى بىلەن ۋارقىرىشىۋاتاتتى.

— بىزنىڭ قورۇدا ئۇنداق لالما ئىت يوق، - دېيتتى دادام ئۇلارنىڭ ئالدىنى تۇراپ.

— بىز قوراڭدا ئىتىڭنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. كاشكى. تولا كاپشىماي دەرۋازاڭنى ئاچ. بىزنىڭ كىملىكىمىزنى ھازىر كۆرسەتمەيلى يەنە! ...ھازىر ئىتلارنى ئېتىش توغرىلىق بۇيرۇق بار، سېنىڭ ئىتىڭ غالجىر ئىت، مەھەللىدىن ئىنكاس چۈشتى. تېزراق ئىشىكنى ئاچ! - دېيتتى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كىمدۇ بىرسى دادامغا دوق قىلىپ.

مەن بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سېزىپ، بويناقنى يوشۇرۇپ قويماقچى بولۇپ ئۆيگە كىردىم - دە، ئۇنى ساراي ئۆيدىكى كارىۋاتنىڭ تېگىگە تىقىپ قويدۇم ۋە:

— بويناق، تالاغا چىقما. قوزغالماي مەشەدە جىم ياتقىن، ھە! - دەپ تاپىلاپ قويۇپ تالاغا چىقتىم. بۇ

چاغدا ھېلىقى مىلتىق كۆتۈرۈۋېلىشقان، قوللىرىدا قىزىل يەڭ بەلگىسى بار كىشىلەر قورۇغا كىرىپ بولۇشقان ئىدى. ئۇلار قورۇدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ بويناقنى ئىزدەۋاتاتتى. ئەتىگەندىن بېرى يېغىپ، يېڭىراقتا توختىغان ئاپئاق قارغا ئۇلارنىڭ ئىزلىرى پېتىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى يېنىمدىن ئۆتتۈۋېدى، بۇرنۇمغا سېسىق هاراقنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى. بۇ دەل مۆيدۈننىڭ دادىسى ئىدى.

مەن دادامغا چىڭ يېپىشۋالدىم. بىلمەي قاپتىمەن. قايسى چاغدىكىن، بويناق يېنىمغا چىقىۋاپتۇ. مۆيدىننىڭ دادىسى كۆرۈپ قېلىپ ۋارقىرىغاندىلا بويناقنىڭ يېنىمدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

«ئاھ بويناق، بويناق، سەن نېمىشكە مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغانسەن!؟ نېمىشكە بۇنداق دۆلەيلىك قىلغانسەن؟!»

مەن خاپا بولۇپ تۇنجى قېتىم بىچارە بويىنقىمنى ئەيىبلىدىم. مەن ئەندى ئۇنى يوشۇرالمايتتىم. مەن دەرھال ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر چارە بويىچە ۋارقىرىدىم:

— بويناق! تېز قاچ! ئورمانغا قاچ!

بويناق ئاخىرى ھەممىنى چۈشەندى. بىراق ئۇ بەك كېچىككەن ئىدى. ئۇ قاچتى. ھېلىقى قوراللىق كىشىلەر قىقاس - سۈرەن سېلىشىپ ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. بىر چاغدا بويناقنىڭ نالىلىق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. كەينى - كەينىدىن يەنە بىر قانچە پاي ئوق ئېتىلدى.

دادام مېنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. مەن دېرىزە تۈۋىدە ئۆلتۈرۈۋېلىپ بويناقنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرەپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ يىغلاۋەتتىم.

— دادا، ئۇلار نېمىشقا بويناقنى ئۆلتۈرىدۇ؟! ئۇ نېمە گۇناھ قىلغان؟! - دېدىم ئېسەدەپ تۇرۇپ.

— يىغلىما ئوغلۇم. - دېدى دادام مېنى باغرىغا بېسىپ، ھازىر بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. بۇ تەلۋىلەرگە كېيىن چوڭ بولغاندا چۈشىنىپ قالىسەن.

مەن شۇ چاغدا دادامنىڭمۇ كۆزلىرىگە لىق ياش تولغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئەزەلدىن دادامنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرمىگەن. ئاپاممۇ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يىغىسى بەك ھەسرەتلىك ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كوچىغا چىقىپ قارىدىم. ئاپئاق قارغا خۇددى گۈل چەككەندەك بويناقنىڭ قانلىرى ئۇيۇپ قالغان ئىدى. مەن قانلارنى بىراۋلارنىڭ دەسسەپ سېلىشىدىن ئەنسىرەپ قار بىلەن كۆمۈۋەتتىم.

مەھەللىدىكى باللارمۇ بويناققا كۆز يېشى قىلىشتى. مەن ئۇلاردىنمۇ سورىدىم:

— ئۇلار نېمىشكە بويناقنى ئۆلتۈرىدۇ؟

باللارمۇ بىلمەيدىكەن، باشلىرىنى چايقاشتى. ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ سوئالنى ئۆزەمدىن سوراپ يۈردۈم. پەقەت ئەقلىمگە توشۇپ، چوڭ بولغاندىلا ئاندىن بۇنى چۈشەندىم. چۈنكى شۇ ئاپەتلىك يىللار ياخشى ئادەملەرگىلا ئەمەس بەلكى ھايۋانلارغىمۇ ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئىكەن...

ساقاتايلىرىم، ھېكايەم ئاياغلاشتى. مەن قەلىمىمنى قويۇپ تۇرۇشۇمغا كىچىك سىڭلىم كىرىپ كەلدى - دە:

— ئاكا تېلېۋىزوردا«ئاتى»①نىڭ كىنوسىنى قويۇۋاتىدۇ، - دېدى ۋە بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ مەندىن سورىدى، - ئاكا، نېمىشقا «ئاتى» دەك ئىت باقمايمىز؟

— سىز ئىتنى ياخشى كۆرەمسىز؟ - سورىدىم سىڭلىمدىن.

— ھەئە، مەن بەك ياخشى كۆرىمەن.

— ئەمىسە مەن سىزگە بىر ياخشى كۈچۈك ئەكىلىپ بېرەي، - دېدىم ۋەدە قىلىپ.

سىڭلىم خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىپ كەتتى.

**مەسئۇل مۇھەررىر: سىدىق تۇرسۇن**

① «ئاتى» ياپونىيىنىڭ «ئاپشارىكا پۇشتىكى» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى ئىتنىڭ نامى.




# خۇنخاي مازار توغرىسىدا

سىيىت ئۆمەر

خۇنخاي مازار ئىلىدىكى تۆت چوڭ مازارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىگە قاراشلىق چوڭ بۇغرا يېزىسىنىڭ ۋە سۇن تېغى باغرىدىكى خۇنخاي غولىغا جايلاشقان. كۆلىمى تەخمىنەن 2000 × 300 كۋادرات مېتىر يەنى 1100 مو كېلىدىغان بۇ تۈزلەڭلىكتە ئىككى ئېغىز ھۇجرا ۋە نۇرغۇن قەبرىلەر بار. ئەنە شۇ قەبرىلەر ئىچىدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە يۈسۈپ ئابۇبەكرى سەككاكىنىڭ قەبرىسى — «ئالتۇنلۇق» ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

ئەينى زاماندا چىغاتاي ئوردىسىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن شائىر مەۋلانە يۈسۈپ ئابۇبەكرى سەككاكى ئوردىدىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ چاقۇقچىلىقى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، زىنداندا قازا تاپقان. كىشىلەر ئۇنىڭ قەبرىسىگە خىش بىلەن ھەيۋەتلىك گۈمبەز تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا «ئالتۇنلۇق» دەپ نام بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ شائىرغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. «ئالتۇنلۇق»نىڭ يېنىغا بىر نەچچە ئېغىز ھۇجرا سېلىپ، شەيخلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋە بۇ ئەتراپنى «خۇنخاي مازار» دەپ ئاتىغان.

خۇنخاي مازارنىڭ نامى ئەسلىدە «خۇنخار» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «قان تۆككۈچ» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە كىشىلەر ئارىسىدا «چىغاتاي دەۋرىدىكى ئالمىلىق شەھىرىنىڭ يامۇلى مۇشۇ يەردە بولغان» دېگەن رىۋايەت بار. ئۇنىڭدىن باشقا، 1911 - يىلى كىشىلەر ئۆي سېلىش ئۈچۈن مازاردىن 700 مېترچە يۇقىرىراق قاپتالدىكى يەرلەرنى كولىغاندا نۇرغۇن ئادەم ئۇستىخانلىرى چىققان. مانا بۇلار بۇ يەرنىڭ خۇنخاي (خۇنخار) دەپ ئاتىلىشىغا سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

يۈسۈپ سەككاكى مازىرىنىڭ تېپىلىشى توغرىسىدا ئەل ئىچىدە مۇنداق رىۋايەتلەر تارقالغان:

1 - يۈسۈپ سەككاكى قاينۇقتا قەتلە قىلىنغاندىن كېيىن، ئالىمنىڭ مۇرىدلىرى ئۇنىڭ مېيىتىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كېلىپ خۇنخايغا دەپنە قىلغان.

2 - دۆلا تالىق بىر ئوۋچى (يەنە بىر رىۋايەتتە بىر مەزىن دېيىلىدۇ) خۇنخايدىكى تەۋرىرۈك مۇز ئۈستىدە ئۇخلاپ قېلىپ، چۈشىدە سەككاكى قەبرىسى ئايان بولۇپتۇ - دە، ئويغىنىپ كېتىپ قەبرىنى ئىزلەپتۇ ۋە ئاخىر ئالىمنىڭ جەسىدىنى كولاپ تېپىپتۇ (ھازىرمۇ قەبرىدىن بەش مېترچە تۆۋەنرەكتە قەدىمدىن قالغان بىر چوڭ ئورەكنىڭ ئىزناسى بار — ئاپتور).

3 ـ بىر ئوۋچى تۈلكە قوغلاپ قەبرە جايلاشقان ئورۇنغا كەلگەندە، تۈلكە بىر تۈپ چىغقا سىيىپ قويۇپ شۇ يەردىلا ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوۋچى «بۇ يەردە بىر خاسىيەت بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، ئۇ يەرنى كولىغان ئىكەن، ئالىمنىڭ جەسىتى چىقىپتۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە 1912 ـ يىلى خۇنىخايلىق باتىمبا دېگەن يۈز ياشلىق موڭغۇل موماي «بۇ يەرگە ئۇيغۇرنىڭ بىر چوڭ ئالىمى دەپنە قىلىنغان، ئۇ ئەسلىدە چىغاتاي ئوردىسىدا ۋەزىر كىشى ئىكەن» دېگەن.

بۇ رىۋايەت ۋە ئېيتىشلار يۈسۈپ سەككاكى مازىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا بىزنى مەلۇم ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

خۇنىخاي مازار تارىختا باشقا يۇرتلارغا ئوخشاش نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

1757 ـ يىلى ئىلى رايونى ئېغىر ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرايدۇ. كىشىلەر جېنىنى قاچۇرۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈپ كېتىدۇ. نەتىجىدە يەرلەر تېرىقسىز قېلىپ، چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تەمىناتى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. 1762 ـ يىلى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى مۇساگۇڭنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ سەككىز مىڭ ئۆيلۈك دېھقاننى ئىلىغا مەجبۇرى كۆچۈرۈپ چىقىپ، ھەر يۈز تۈتۈننى بىر يۇرت قىلىپ، جەمئىي سەكسەن ئىككى يۇرتقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خۇنىخاي غولىغا تۆت يۇرت ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئۈستەڭ چېپىپ يەر تېرىيدۇ. چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ھەمدە سەككاكى قەبرىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى سايغا يەنى خۇنىخاي غولى بىلەن غالجاتتىن ئېقىپ چىقىدىغان سۇنىڭ قوشۇلۇش ئورنىغا 150 كۋادرات مېتىر چامىسىدا بىر زارا خەتمە ئۆيى، ئۇنىڭدىن باشقا ياتاق، داشخانا، ئامبارلارنى سېلىپ، مازارغا قايتىدىن شىيىقلارنى تۇرغۇزىدۇ. مازارنى تاۋاپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن مازارغا كىچىك ئوقتا سۇ كەلتۈرىدۇ.

1864 — 1867 ـ يىللىرىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدا، باشقا يۇرت خەلقلىرىگە ئوخشاش خۇنىخاي دېھقانلىرىمۇ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىدۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭ ئىشتىراكچىلىرىنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىدۇ. نەتىجىدە خۇنىخاي دېھقانلىرى چوڭ بۇغرا، كىچىك بۇغرا، دولاتا، سېنتۋالدى ( سائادات باكى سەككىز ئون دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، دۆگمەھەللە خەلقى بىلەن بىرلىكتە ۋۇسۇن تېغى بويلاپ جان قاچۇرۇپ باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ. شەيخلەرمۇ خەلق بىلەن بىرلىكتە كۆچۈپ كېتىپ، مازار قاراقسىز قالىدۇ.

1910 ـ يىلى مەنسۇر ئەلەم قازى ئاخۇنۇم يەركەنتلىك ۋەلىباي يولداشۇپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خۇنىخاي مازار جۇملىدىن سەككاكى قەبرىسىنى خارابلىشىشتىن ساقلاپ قېلىش، مازارنى زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش، تۇرالغۇ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شەيخلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 1911 ـ يىلى ئەتىيازدا مەنسۇر ئەلەم قازى ئاخۇنۇم يەتتە نەپەر ئۇستىنى ئۆزى بىۋاستە مازارغا ئېلىپ چىقىپ، سەككاكى قەبرىسىنى قايتىدىن رېمونت قىلدۇرىدۇ. ئىلىدىن سەككىز ئۆيلۈك، يەركەنتتىن سەككىز ئۆيلۈك ئادەمنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، مازارغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 1911 ـ يىلى 6 ـ ئايدا غۇلجا شەھرى، ئارا ئۈستەڭ، جاغىستاي، يەركەنت، غالجات، ئاقسۇ (يەتتە سۇ) قاتارلىق جايلاردىن باۋۇدۇن مۇھەممەدىن، ئەيتقۇل ھاجى، ئىسلام باقى، تۇراخۇن، مەنسۇر، ھىدايەت، ئىنايەت، بىشىراخۇن، ئابدۇرېھىم ئاخۇن، غىياسىدىن، لەس ئاخۇن، يەراخۇن، جامۇتئاخۇن، مۇتەللىپ موللا، تاھىر تۆمۈرچى قاتارلىق كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ، خۇنىخاي مازار يېزىسىنى قايتا قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا مازاردا پەقەتلا «ئالتۇنلۇق» ( يۈسۈپ سەككاكى خۇمبىزى) ۋە يىگىرمىدەك قورۇ ـ جايىنىڭ ئىزناسىلا قالغان ئىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يەتتە سۇ تەرەپتە باندىتلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ۋە ئەنگلىيە، تۈركىيە، گېرمانىيىلەرنىڭ تەپرىقىچىلىكنى يولغا قويۇشى بىلەن خانىۋەيران بولغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خۇنىخاي مازارغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلايدۇ. 1937 ـ يىللىرىغا كەلگەندە خۇنىخاي مازار 300

ئائىلىلىك يۇرت بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

1916 - يىلى تارىخچى ئىمىنجان باھاۋۇدۇننىڭ تەشكىللىشى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىدە دىنىي ۋە باشلانغۇچ پەننى ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغان ئىدى. 1920 - يىلى چارروسىيەدىن قېچىپ كەلگەن ئوفىتسىر ئىدرىس ئافانايوف ( تاتار)نى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، يىگىرمىدەك بالىنى روسچە ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن مەكتەپ ئالتا ئايدىن كېيىن تاقىلىپ قالىدۇ. كېيىن ئىمىنجان باھاۋۇدۇن، ئابۇزەر خەلپەم، خورانەزەر قاتارلىق كىشىلەر خەلق كۈچى بىلەن چوڭ بىر مەسچىت سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا مەدرىسە تەسىس قىلىپ، خۇنىخاي مازار ۋە خۇنىخاي غولىدىكى يۇرتلارنىڭ بالىلىرىنى يىغىپ دىنىي ئوقۇتۇشنى رەسمىي يولغا قويىدۇ. ئىمىنجان باھاۋۇدۇن قۇرئاندىن «بالىلارنى زامانىنىڭ تەلىپىگە لايىق ئوقۇتۇش كېرەك» دېگەن ئايەتنى تەرجىمە قىلىپ، چوڭ لەۋھەگە يېزىپ، مەسچىتنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇپ، تەشۋىق - تەرغىبات قىلىش بىلەن، كۆپچىلىكنىڭ پەننى ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇشقا ئاۋاز قوشۇشنى قولغا كەلتۈرىدۇ. 1929 - يىلى تۆت سىنىپلىق، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق پەننى مەكتەپ سېلىنىدۇ. ئىمىنجان باھاۋۇدۇن چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىت ئىمىنوپنى باشلامچى بولۇپ پەننى مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىپ، ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. 1934 - يىلى يۇقىرى مەھەللىگە جامائەت كۈچى بىلەن بىر كىلوپ سېلىنىپ، سەھنەئويۇنلىرى قويۇلۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا چوڭ بۇرۇلۇش بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇ كىلوپتا ياپونغا قارشى دراممىلار ئوينالغان، خەلقنى پەن - مەدەنىيەتكە دەۋەت قىلىپ «كالا قوشى ئورنىغا تىراكتورلار ئالايلى، يارەم قىلىپ دېھقانغا يەرلەرنى كۆپ ھەيدەيلى» دەپ ناخشىلار ئېيتىلغان ئىدى.

ئەنە شۇ خۇنىخاي مازار تارىخچى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى ئابۇزەر خەلپەم، خەلق قوشاقچىسى ئابىمۇبيان (ئاۋۇسمان)، ئىنقىلابىي قۇربان (ژۇرنالىست، تەرجىمان) ئابدۇرېشىت ئىمىنوپتەك كىشىلەرنى يېتىشتۈرگەن.

شىڭشىسەي ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، بىگۇناھ كىشىلەرنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ قولغا ئېلىشقا باشلىدى، رېئاكسىيون ھۆكۈمەت خۇنىخاي مازاردا قالغان 100 ئۆيلۈكتەك ئاھالىنى باشقا يۇرتلارغا مەجبۇرى كۆچۈرۈۋەتتى. نەتىجىدە خۇنىخاي مازار يەنە بىر قېتىم خارابىلىققا ئايلاندى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن 1953 - يىلغىچە بىر قىسىم كىشىلەر خۇنىخاي مازارغا قايتا كۆچۈپ بارغان بولسىمۇ، تېررىتورىيە يەرنىڭ يىراقلىقى، سۇنىڭ قىسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار دۆڭمەھەللىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلمەكتە.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ھوشۇر





ئەخمەتجان قاسىمى (سولدىن 3 - كىشى) چىكداۋدا — 1946 - يىل — سۈرەتنى ئابدۇساتتار ناسىرى ساقلىغان.

غۇلجا شەھرىدىن بىر كۆرۈنۈش



ئادىل ئىسمايىل فوتوسى


伊犁河(维吾尔族文文学双月刊)

ئىلى دەرياسى

主办：伊犁哈萨克自治州文联
出版：《伊犁河》杂志社编辑部
印刷：《伊犁日报》印刷厂
发行：伊犁州邮局
订购：各地邮局
出版日期：每单月三十日

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تۈزدى
«ئىلى دەرياسى»تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى
«ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئىلى ئوبلاستلىق پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
ھەر تاق ئايلارنىڭ 30 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

国内统一刊号：CN65—1058／I بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن نومۇرى:
邮政编码：835000 پوچتا نومۇرى: 代号：58 — 75 ۋەكالەت نومۇرى:
单价：1。50 باھاسى: